مۇھەممەت زۇنۇن

# ئوبراز، ئۇسلۇب ۋە خاراكتېر

شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى

مۇھەممەت زۇنۇن

# ئوبراز، ئۇسلۇب ۋە خاراكتېر

مەسئۇل مۇھەررىرى: ئەنۋەر داۋۇت

شىنجاڭ ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى
1986 ـ يىل. ئۈرۈمچى

مەسئۇل كوررېكتورى: ئىبراھىم مۆمىن

# ئوبراز، ئۇسلۇب ۋە خاراكتېر

*

شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى قۇرۇلۇش يولى 9 - قورو)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
«ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى» باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
ئۆلچىمى: 1092 787مم، 32 كەسلەم، باسما تاۋىقى: 4
1986 - يىل 4 - ئاي 1 - نەشرى
1986 - يىل 9 - ئاي 1 - بېسىلىشى
كىتاب نومۇرى: M 3124·32
سانى: 1 - 3·150
باھاسى: 0·37 يۈەن

# مۇندەرىجە


«چىمچىقش» ھېكايىسىنىڭ بەدىئىي ئالاھىدىلىكى توغرىسىدا ........................ 1

شېئىر ئىجادىيىتىدىكى ئىندىۋىدۇئاللىق ۋە بەدىئىي ئۇسلۇب توغرىسىدا ........................ 12

ئەدەبىي ئىجادىيەتتە رېئال تۇرمۇشنى تېخىمۇ ياخشى ئەكس ئەتتۈرەيلى ........................ 18

مىللىي ئالاھىدىلىككە ئىگە سوتسىيالىستىك ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ غايەت زور تەرەققىياتى ........................ 22

ئەدەبىي ئىجادىيەتتە يەنىمۇ بىر بالداق ئۆرلەيلى ........................ 39

يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەت كۆز قارىشى توغرىسىدا ........................ 54

ئەدەبىي تەنقىدتە خۇش پۇراقلىق گۈللەرنى پەرۋىش قىلىشنى ئاساسىي ئورۇنغا قويۇش كېرەك ........................ 78

مەڭگۈ خاتىرىلەشكە ئەرزىيدىغان ئادەم ........................ 89

تىپىك ئوبراز توغرىسىدا ........................ 100

# «چېنىقىش» ھېكايىسىنىڭ بەدىئىي ئالاھىدىلىكى توغرىسىدا

«چېنىقىش» — پېشقەدەم يازغۇچى زۇنۇن قادىرىنىڭ ئازادلىقتىن كېيىن يازغان ھېكايىلىرىنىڭ بىرى، يازغۇچى بۇ ھېكايىسىدە، مەتنىيازنىڭ كوللېكتىپ ئەمگەكتە چېنىقىپ، ھورۇن ئادەمدىن ئەمگەكچان ئادەمگە ئايلانغانلىق جەريانىنى تەسۋىرلەش ئارقىلىق سوتسىيالىستىك كوللېكتىپلىشىشنىڭ ئەۋزەللىكىنى قىزغىن مەدھىيىلەيدۇ.

بۇ ھېكايىدىكى مەتنىياز ئوبرازى كۆرۈپ چۈشەنگىلى، ھېس قىلغىلى بولىدىغان، رېئال، ئىشەنچلىك، تەسىرلىك، كۈچلۈك تۇرمۇش پۇرىقىغا، ھەم ئومۇمىيلىققا، ھەم ئىندىۋىدۇئاللىققا ئىگە.

ھېكايىنىڭ ۋەقەلىكى مۇرەككەپ ئەمەس، ئۇنىڭدا كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان ئاجايىپ - غارايىپ ھېكايىلەر، سەلتەنەتلىك سۆز - ئىبارىلەر يوق، لېكىن مەتنىيازنىڭ خاراكتېرى شۇنچە ئېنىق، شۇنچە روشەن. بۇنىڭ سەۋەبى شۇكى، يازغۇچى ئوخشىمىغان خاراكتېرنى ۋە شۇ ئوخشىمىغان خاراكتېر تۈپەيلىدىن پەيدا بولغان توقۇنۇشلارنى يېزىش ئارقىلىق

مەتنىيازنىڭ جانلىق خاراكتېرىنى گەۋدىلەندۈرىدۇ.

مەتنىياز — ئاق كۆڭۈل، سەمىمىي، خۇش چاقچاق، ئاددىي ئەمگەكچى، لېكىن ئۇ كونا جەمئىيەتتە، ئائىلە ۋە تۇرمۇش شارائىتى تۈپەيلىدىن ھورۇن، ھەممە ھۈنەرگە قىزىقسىمۇ ئۇنى بىر باشقا ئاچىقالمايدىغان، ئۆزىنىڭ تۇرمۇش شارائىتىنى ئۆزگەرتىشكە جۈرئەت قىلالمايدىغان بولۇپ قالغان، ئۇنىڭ مۇشۇ خىل خاراكتېرى ئازاد زاماندا كوللېك-تىپلىشىش يولىغا قاراپ كېتىۋاتقان يېڭى دېھقانلارنىڭ خاراكتېرى بىلەن، كوللېكتىپ ئەمگەك بىلەن چىقىشالمايدۇ. شۇنىڭ بىلەن، ئۇ جىددىي توقۇنۇش ئىچىدە قالىدۇ. مەت-نىيازغا يەر ئىسلاھاتىدا يەتتە - سەككىز چارەك دان بېرى-دىغان 1 - دەرىجىلىك بىر ئېتىز تېگىدۇ. لېكىن، بۇ يېڭى دېھقانىنىڭ بىر پۇڭلۇق يەرگە تېرىغان قونىقى ئۈنمەيدۇ. بىر پۇڭلۇق يەرنى ھېچ نەرسە تېرىماي ئاق تاشلىۋېتىدۇ... ئازغىنا يەردىكى قىچىسى ياخشى ئاينىغان بولسىمۇ، لېكىن مەتنىيازنىڭ ئۇنى ئورۇشقا ماجالى يەتمەيدۇ.

ئۇنىڭ خاراكتېرىدىكى بۇنداق ھورۇنلۇق ئۇنىڭ شەخسىي تۇرمۇشىغىمۇ سىڭگەن، مەتنىياز 40 ياشقا كىرگۈچە ئۆيلىنىشنى خىيال قىلىپ كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن جۈرئەت قىلالمىغان. مەتنىياز ئۆزىنىڭ سۆزى بىلەن ئېيتقاندا، «مۇ-ساپىرنىڭ كېچۈكىدەك بېشىنى ساڭگىلىتىپ» يۈرىدىغان خىيالپەرەسكە ئايلىنىپ قالغان، مەتنىيازنىڭ تۈپ ماھىيى-تى ئەمگەكچى. مەتنىيازنىڭ تۆمۈرچىلىك، ياغاچچىلىق،

موزدوزلۇق ۋە ساتىراشلىق ھۈنەرلىرىگە قولى كېلىدۇ. ئۇ، موزدوزلۇق قىلسا، ئۆتۈكنىڭ قېلىپىنى ئۆزى چاپىدۇ. بەلكى، بۇرەندە، بىگىز، يىڭنىلەرنىمۇ ئۆزى ياسىۋالىدۇ. ئەگەر ساتىراشلىق قىلسا، ئۈستىرىدىن تارتىپ تا قۇلاق كولىغۇچقىچە بولغان جابدۇقلىرىنى ئۆزى ياسىۋالىدۇ. بۇ دېھقاننىڭ بىر ياخشى پەزىلىتى شۇكى، كىشىلەرگە ياردەملەشسە ھەق تالاشمايدۇ، پايدا - زىيان بىلەن كارى يوق. تاماگەر ئەمەس، ئۇ تۇرمۇشتا ئۆزىنى تاشلىۋەتكىنى بىلەن روھى تېتىك، خۇش چاقچاق.

ئۆزىگە خاس خاراكتېرگە ئىگە مەتنىيازدەك نەپرەتلىك ۋە سۆيۈملۈك دېھقان، ئازاد يېزىلاردا دېھقانچىلىق ھەمكارلىق گۇرۇپپىلىرى باھار مايسىلىرىدەك گۈللەپ ياشناۋاتقان، سوتسىيالىزم داغدام يولى ئەمگەكچىلەر ئۈچۈن قۇچاق ئېچىۋاتقان ۋەزىيەتتە نەگە بارىدۇ؟ ئۇنىڭ تەقدىرى نېمە بولىدۇ؟ يازغۇچى جىددىي توقۇنۇش ئىچىدە ئۇنىڭ خاراكتېرىنى ئۆزگەرتىش، مۇكەممەللەشتۈرۈش يولىنى ئىزدەيدۇ. مەتنىيازنى سوتسىيالىستىك كوللېكتىپلەشتۈرۈش دولقۇنى ئىچىگە ئەكىرىدۇ، مەتنىيازنى كوللېكتىپ ئەمگەك قوينىدىكى خۇشال - خۇراملىق قىزىقتۇرىدۇ. ھەمرا باشچىلىقىدىكى يېڭى دېھقانلار كوللېكتىپى ئۇنىڭ ھاياتىغا يار - يۆلەكتە بولىدۇ، مەتنىيازمۇ ھەمكارلىق گۇرۇپپىغا كىرىپ يېڭى تۇرمۇشقا قەدەم تاشلايدۇ.

لېكىن يېڭى ھايات، يېڭى مۇھىت ئىچىدە مەتنىيازنىڭ خاراكتېرىدىكى ئاجىزلىق تېخىمۇ روشەن كۆرۈنۈشكە باشلايدۇ.

ئۇنىڭ ئەمگەك جەريانىدىكى چېنىقىشى ئاسانغا چۈشمەيدۇ. كوللېكتىپ ئەمگەك مەتنىيازنى چېنىقتۇرىدۇ، ئۇنىڭ ئۆز ھۈنىرىنى كۆرسىتىشكە كەڭ ئىمكانىيەت يارىتىلىدۇ، كوممۇنىستىك ئاڭ - سەۋىيىگە ئىگە ھەمرا قاتارلىق يېڭى دېھقانلار ئۇنى ئالغا يېتەكلەيدۇ، شۇنىڭ بىلەن ھورۇن، جۈرئەتسىز، تۇرمۇشى قالايمىقان، قالاق دېھقان كوللېكتىپ ئەمگەك قوينىدا چىدامىلىق ئىشچانلار قاتارىغا ئۆتىدۇ، ئۇنىڭ شەخسىي ھاياتىدىمۇ زور ئۆزگىرىش بولۇپ، ئىززەتخان بىلەن تۇرمۇش قۇرۇپ مۇرادىغا يېتىدۇ.

مەتنىياز ئوبرازى ھەقىقەتەن ئۇتۇقلۇق چىققان ئوبرازدۇر. بۇ ئوبرازنىڭ بەدىئىي تەسىرچانلىقى شۇ يەردىكى، مەتنىياز ئوبرازى جانلىق خاراكتېر سۈپىتىدە مەيدانغا چىقىدۇ. كىتابخانىنىڭ ئەدەبىي ئەسەرلەردە قىزىقىدىغىنى بىرەر ئىشلەپچىقىرىش جەريانى، بىرەر ئۇرۇش مەيدانى ئەمەس، بەلكى جانلىق خاراكتېردۇر.

خاراكتېر — پېرسوناژنىڭ كېلىپ چىقىشى، تەربىيىلىنىشى، چېنىقىشى، ئىجتىمائىي ئورنى، دۇنيا قارىشى، مىجەز-خۇلقى قاتارلىق جەھەتلەردە ۋۇجۇدقا كەلگەن تۈپ خۇسۇسىيەت، پېرسوناژنىڭ ئومۇمىيلىقى ۋە ئىندىۋىدۇئاللىقىنىڭ روشەن بەلگىسى، ئەمەلىي تۇرمۇشتا شەخسنىڭ خاراكتېرى شەكىللەنگەندىن كېيىن، ئاشۇ خاراكتېر مەنتىقى بويىچە ھەرىكەت قىلىدۇ. ئەسەر ئىچىدىكى پېرسوناژنىڭمۇ نېمە قىلىدىغانلىقى، قانداق سۆزلەيدىغانلىقى ئوبرازنىڭ خاراكتېر مەنتىقى بويىچە بولىدۇ.

يازغۇچى، مەتنىيازنىڭ خاراكتېرىنى پۇختا ئىگىلەپ، ئۇنى تىپىك ئىجتىمائىي شارائىت ئىچىگە قويۇپ، جانلىق ئېپىزوت، ئىندىۋىدۇئال تىل قاتارلىق بەدىئىي ۋاسىتىلەرنى قوللىنىپ مەتنىيازنىڭ خاراكتېرىنى جانلىق، رېئال، ئىشەنچلىك دەرىجىگە كۆتۈرگەن.

يازغۇچى «چېنىقىش» ھېكايىسىدە مەتنىيازنىڭ خاراكتېرىنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرگەن ۋە ئۇنىڭ خاراكتېرىدىكى ئۆزگىرىش ۋە ئۆسۈشنى ئالغا سۈرگەن ئىجتىمائىي سەۋەبلەرنى، ئوبيېكتىپ ئاساسنى تېپىمۇ توغرا ۋە ھەقىقىي تەسۋىرلىگەن.

مەتنىياز كونا جەمئىيەتتە، شەھەر ھۈنەرۋەن ئائىلىسىدە ئۆسكەن، يالغۇز ئوغۇل بولغىنى ئۈچۈن ئەركە چوڭ بولغان، دادىسىنىڭ ھەيدەكچىلىكى بىلەن ساتىراشلىقنى ئۆگەنگەن بولسىمۇ، لېكىن دادىسى ئۆلگەندىن كېيىن ساتىراشلىقنى تاشلاپ، ھەر خىل تەنزىچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىپ ۋەيران بولىدۇ ـ دە، دادىسىدىن مىراس قالغان يېزىدىكى كىچىككىنە باغقا كۆچۈپ چىقىدۇ. گەرچە دېھقانلارنىڭ ھاجىتىگە قاراپ ھەر خىل ھۈنەرلەرنى ئۆگىنىۋالغان بولسىمۇ، لېكىن باشلىغان ئىشنى ئاخىرغىچە داۋاملاشتۇرالمايتتى، ئۇنىڭ خاراكتېرىدىكى ھورۇنلۇق، جۈرئەتسىزلىك كونا جەمئىيەتنىڭ كونكرېت ئائىلىۋى شارائىتىنىڭ، يەككە تۇرمۇشىنىڭ مەھسۇلى.

دەۋر ئۆزگەردى، دېھقانلارنىڭ كوممۇنىستىك ئاڭ ـ سەۋىيىسى ئۆسۈپ، كىشىلەر بىلەن كىشىلەر ئوتتۇرىسىدا ئىناقلىق، ھەمكارلىق مۇناسىۋىتى ئورنىتىلدى. بولۇپمۇ كوللېكتىپ ئەمگەك شارائىتى ئۇنىڭ خاراكتېرىنىڭ ئۆزگىرىشىدە ھەل قىلغۇچ رول ئوينىدى، كوللېكتىپ ئەمگەك قوينىدا ئۇنىڭ

خاراكتېرىدىكى ئاجىزلىقلار تۈگىتىلىپ، ئەمگەكچىلەرگە خاس خۇسۇسىيىتى كەڭ جارى قىلىندى، ئۇنىڭ خاراكتېرى مۇكەممەللەشتى. يازغۇچى، مەتنىيازنىڭ خاراكتېرىنىڭ ۋۇجۇدقا چىقىشى، ئۆزگىرىشىنى تارىخىي ۋە ھەقىقىي يوسۇندا كونكرېت بايان قىلغانلىقى ئۈچۈن، مەتنىيازنىڭ خاراكتېرىدە كۈچلۈك دەۋر روھى ئەكس ئەتكەن.

خاراكتېر ھەرگىزمۇ ئابستراكت ئۇقۇم ئەمەس، ئۇ كىشىلەر بىلەن كىشىلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئوخشاش بولمىغان توقۇنۇشلاردا، شەخسنىڭ خىلمۇ خىل تەقدىرى، كەچۈرمىشلىرى ئىچىدە، ئوخشاش بولمىغان ئۇسۇل بىلەن ئەمەلىي ھەرىكەت سۈپىتىدە نامايان بولىدۇ.

يازغۇچى، دراماتىك خۇسۇسىيەتكە ئىگە جانلىق قىزىقارلىق ئېپىزوتلارنى تاللاپ مەتنىيازنىڭ خاراكتېرىنى گەۋدىلەندۈرگەن. بۇ ئېپىزوتلار مەتنىيازنىڭ ئۆزىگە خاس خاراكتېرىگە تولىمۇ ماس كەلگەن.

يازغۇچى، مەتنىيازنىڭ كوللېكتىپ ئەمگەك جەريانىدىكى سەرگۈزەشتىسىنى تەسۋىرلىگەندە، مەتنىيازنىڭ ئۆستەڭ ئەمگىكىدىن قېچىپ، يول بويىدىكى قويۇق ئۆسكەن ئۆرۈكلەرنىڭ ئارىسىغا مۆكۈۋالغانلىقىنى تەسۋىرلەپ، ئاق قوي تېرىسىدىن قىلىنغان كونا جۇۋىسىنىڭ پەشلىرىنى تىكەنلىك شاخلارغا تەتۈر ئۆرۈتۈپ قويۇپ، «مانا مەتنىياز مۇشۇ يەردە» دېگەندەك ئۆزىنى - ئۆزى ئاشكارا قىلىپ قويغانلىقىنى يازىدۇ. بۇ ئېپىزوتنى مەتنىيازچە ئېپىزوت دەپ ئاتاش مۇمكىن، بۇ يەردە ھورۇن، ھېچ ئىشنى قاملاشتۇرالمايدىغان مەتنىيازدەك

ئادەمنىڭ خاراكتېرى تولىمۇ قىزىقارلىق بايان قىلىنغان.
يازغۇچى مۇشۇنداق ئېپىزوتلار ئارقىلىق ھېكايىنىڭ سيۇژېد-
تىنى قۇراشتۇرۇپ، مەتنىيازنىڭ خاراكتېر تارىخىنى يېزىپ
چىقىدۇ.

يازغۇچى، مەتنىيازنىڭ خاراكتېرىنى ياراتقاندا، مەت-
نىيازنىڭ خاراكتېرىگە خاس ئىندىۋىدۇئال تىلىنى توغرا
دەل جايىدا ئىشلىتىپ، مەتنىيازنىڭ خاراكتېرىنى تېخىمۇ
روشەن ئېچىپ بەرگەن، مەتنىياز ئېتىز قىرىدا تۇرۇپ
«بۇ يەرنى نېمە قىلسام بولىدىكىن؟!» دەپ باش قاتۇرۇپ
ۇرغاندا، تۇيۇقسىز ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ قالغان ھەمرا ئۇنىڭ-
دىن: «خوش ئۇستام! بۇ يەرنى نېمە قىلماقچى بولۇۋاتىسىلا؟»
دەپ سورىغاندا، مەتنىياز: «ئوتتۇرىسىنى باغ، چۆرىسىنى
تاغ قىلايمىكىن دەۋاتىمەن، قانداق دەيسىز، ھەمراجان»،—
دەپ جاۋاپ بېرىدۇ، بۇ سۆز مەتنىيازدەك ئىرادىسىز، لېكىن
ھاياتتىن ئۈمىد ئۈزمىگەن خوش چاقچاق دېھقاننىڭ خاراكتېرىگە
تولىمۇ ماس كېلىدۇ.

يازغۇچى ھەر خىل بەدىئىي ۋاستىلەر ئارقىلىق مەت-
نىيازنىڭ خاراكتېرىنى يازغاندا، ئۆزىنىڭ ھېسسىياتىنى
پېرسوناژ خاراكتېرىگە سىڭدۈرگەن، يازغۇچى، مەتنىيازنىڭ خا-
راكتېرىدىكى ئاجىزلىقنى نەپرەتلەنسىمۇ، لېكىن ئۇنى كېرەكسىز
ئادەم دەپ ھېسابلىمايدۇ، نەپرەت ئىچىدە ئۇنىڭغا چوڭقۇر
ھېسداشلىق قىلىدۇ، تەنقىد ئىچىدە ئۇنىڭ ياخشى پەزىلىتىنى
مەدھىيىلەيدۇ. ئۆزىنىڭ گۈزەل غايىسىنى پېرسوناژ تەقدىرى
بىلەن بىرلەشتۈرىدۇ، يازغۇچى ئەسەرنىڭ بېشىدا، ئىسسىقتىن
قېچىپ، ئورۇۋاتقان قىچىسىنى تاشلاپ قويۇپ، تەر پۇراپ كەتكەن

كۆڭلىكىنى كۆكتاتقا ئوراپ بېشىنى قويۇپ يالىڭاچ دۈمبىسىنى
نەم يەرگە چاپلاپ، قېرى قاغىنى تىللاپ ياتقان. ئۇسساپ
ئۆپكىسى قۇرۇپ، گەز باغلاپ كەتكەن قېلىن لەۋلىرىنى يا-
لاشقا رازىكى، 600 – 700 مېتر يىراقلىقتىكى دەرياغا بېرىش-
قا جۈرئەت قىلالمىغان ھورۇنغا نەپرەتلەنسە، ئەسەرنىڭ
ئاخىرىدا كوللېكتىپ ئەمگەكتە چېنىقىپ بوستانلىق پېشايۋاندا
بەندىڭگە مىنىۋېلىپ، لىڭگىرچاق ياساۋاتقان مەتنىيازنىڭ
خۇشال چاقچاقلىرىدىن ھوزۇرلىنىدۇ.

يازغۇچى ئۆزىنىڭ ھېسسىياتىنى پېرسوناژنىڭ ھېسسىياتى
بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، مەتنىيازنىڭ خاراكتېرىنى جانلىق -
تىرىك نەرسىگە ئايلاندۇرۇپ، كىتابخان قەلبىدە چوڭقۇر
ھاياجان قوزغىغان، ئەسەرنىڭ ھاياتىي كۈچى ئەنە شۇ يەردە.
يازغۇچى بۇ ھېكايىدە مەتنىيازنىڭ خاراكتېرىدە بولغان ئۆز-
گىرىشلەرنىڭ جەريانىنى يازغان. مەتنىيازنى ئۆسۈۋاتقان،
ئۆزگىرىۋاتقان شەخس، ھەتتا ئوتتۇرىدىكى شەخس دەپ
ئاتاش مۇمكىن. ئەدەبىي ئەسەردە، بەلگىلىك تىپىك شارا-
ئىتتا، ھەر خىل خاراكتېردىكى پېرسوناژلار ئوبرازى يارىتى-
لىدۇ، ئەدەبىي ئەسەردە مۇكەممەل خاراكتېرگە ئىگە قەھرىمان-
لار ئوبرازى بولۇش بىلەن بىرلىكتە ئوتتۇرىدىكى ۋە ھەر
خىل خاراكتېردىكى ئوبراز بولۇشى لازىم، تۇرمۇش خىلمۇ-
خىل بولغىنى ئۈچۈن، بەدىئىي ئەسەردىكى ئوبرازنىڭ خاراكتې-
رىمۇ خىلمۇ خىل بولۇشى لازىم. شۇنداق بولغاندىلا،
بەدىئىي ئىجادىيەتتىكى پېرسوناژنىڭ خىلمۇ خىللىقىنى
ئەمەلگە ئاشۇرغىلى، تۇرمۇشنى ھەر تەرەپلىمە ئىنكاس

قىلغىلى بولىدۇ، مەيلى قەھرىمان شەخس بولسۇن، ئوتتۇرى-
دىكى شەخس بولسۇن، سەلبىي شەخس بولسۇن، ئۇنىڭ
ئوبرازى جانلىق خاراكتېرگە ئىگە بولسا، بەلگىلىك ئىدىيىۋى
ئەھمىيىتى بولسا، ئۇنى تولۇق مۇئەييەنلەشتۈرۈش لازىم.

«چېنىقىش» ھېكايىسىنىڭ پېرسوناژنىڭ جانلىق
خاراكتېرىنى يارىتىش جەھەتتىكى بەدىئىي ئۇتۇقى شۇنى
چۈشەندۈرىدۇكى، بەدىئىي ئەسەردە جەزمەن جانلىق خاراكتېر
يارىتىش لازىم. تىپىك شارائىتتا تىپىك خاراكتېر يارىتىشنىڭ
مۇھىم تەلىپى ئەنە شۇ، ئەگەر ئەسەردىكى پېرسوناژ ئوبرازى
جانلىق خاراكتېر. بولۇپ ئىپادىلەنمىسە، ئۇنىڭ ۋەقەلىكى
ھەرقانچە تەسىرلىك ۋە مۇرەككەپ بولغىنى بىلەنمۇ ئۇنداق
ئەسەر ياخشى ئەسەر ھېسابلانمايدۇ، خاراكتېر ۋە ۋەقەلىك
مەسىلىسىدە ۋەقەلىك خاراكتېرگە بويسۇنۇشى، خاراكتېرنى
ئېچىپ بېرىش ئۈچۈن خىزمەت قىلىشى لازىم، ئەگەر بەدىئىي
ئەسەردە جانلىق خاراكتېر بولماي، ئۇ ۋەقەلىكلەر تىزمىسىغا
ئايلىنىپ قالسا، پېرسوناژنىڭ خاراكتېرى ۋەقەلىك ئىچىگە
كۆمۈلۈپ قالىدۇ - دە، بۇنداق ئەسەر كىشىنى ئۆزىگە جەلپ
قىلالمايدۇ، سەنئەتتىكى ئومۇملاشتۇرۇش خاراكتېرى ئومۇم-
لاشتۇرۇشقا قارىتىلغان، شۇڭا، يازغۇچىنىڭ ۋەزىپىسى خاراكتېر
ئۆگىنىش ۋە خاراكتېرنى ئەكس ئەتتۈرۈش. بەدىئىي ئەسەردە
جانلىق خاراكتېر يارىتىش ئاسان ئەمەس، ئاچقۇچ — تۇر-
مۇشنى پىششىق بىلىشتە، يازغۇچىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا،
تۇرمۇش ۋەقەلىكىنى ئىگىلەش مۇھىم، لېكىن ئەڭ مۇھىمى،
پېرسوناژنىڭ خاراكتېرىنى پىششىق ئىگىلەش كېرەك. ۋەقە

ئىگىلەش ھەرگىزمۇ پېرسوناژنىڭ جانلىق خاراكتېرىنى ئىگىلەشنىڭ ئورنىنى باسالمايدۇ، خۇددى گوركىي ئېيتقاندەك: «بىر پوپ، بىر دۇكاندار ياكى بىر ئىشچىنىڭ سۈرىتىنى تەخمىنەن توغرا تەسۋىرلەش ئۈچۈن، باشقا يۈزلىگەن پوپ، يۈزلىگەن دۇكاندار ۋە يۈزلىگەن ئىشچىغا ياخشىلاپ، دىققەت بىلەن سەپسېلىش زۆرۈر.»

يازغۇچى پېرسوناژ خاراكتېرىنى تولۇق، پۇختا ئىگىلىگەندىن كېيىن، خاراكتېر توقۇنۇشلىرى ئارقىلىق جانلىق خاراكتېرگە ئىگە بەدىئىي ئوبراز يارىتالايدۇ. بۇ ئەدەبىياتنىڭ تۇرمۇشنى ئەكس ئەتتۈرۈشتىكى ئىچكى مەنتىقى ياكى ئالتۇن ئاچقۇچى.

يازغۇچى زۇنۇن قادىرى مۇشۇ ئالتۇن ئاچقۇچنى پۇختا ئىگەللەپ، جانلىق خاراكتېرگە ئىگە پېرسوناژ ئوبرازى يارىتىشتا بىزگە نەمۇنە كۆرسەتتى، بىز يازغۇچىنىڭ مۇشۇ جەھەتتىكى ماھىرلىقىدىن ئۆگىنىشىمىز كېرەك.

ھېكايىچىلىك — بىزنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت گۈلزارىمىزدا كۈندىن - كۈنگە يۈكسىلىۋاتقان بىر ژانىر، لېكىن يېزىلىۋاتقان ھېكايىلەرنىڭ خېلى كۆپىدە پېرسوناژنىڭ جانلىق خاراكتېرى گەۋدىلەنمىگەن، پەقەت ۋەقەلا بار، جانلىق خاراكتېر يوق. نۇرغۇن ھېكايىلەر ۋەقەلەرنىڭ ئاددىيلا تىزمىسى ياكى بىرەر شەخسنىڭ سەرگۈزەشتىسىدىنلا ئىبارەت بولۇپ قالغان، ئابستراكتلاشتۇرۇش ئەھۋاللىرى مەۋجۇت، بۇ ھال پىروزا ئىجادىيىتىنىڭ يۈكسىلىشىگە، بەدىئىي تەسىر چانلىقنى كۈچەيتىشكە تەسىر يەتكۈزمەكتە. ئۇزۇندىن بۇيان

يەنىلا ئاز، بەزى شېئىرلارنىڭ سەۋىيىسى ئادەتتىكىچە بولۇپ،
شوئارۋازلىق، ئۇقۇملاشتۇرۇش، قېلىپبازلىق قاتارلىق ناچار
ئىللەتلەردىن قۇتۇلۇپ كېتەلمىدى. شېئىر توغرىسىدا يېزىلغان
ئەدەبىي تەنقىدلەرنىڭ ئاساسىي ئېقىمى ساغلام بولسىمۇ، لېكىن
بەس - مۇنازىرە كەيپىياتى، دوستلارچە سەمىمىي مۇھاكىمىلەر
يەنىلا كەمچىل.

شېئىر ئىجادىيىتىدە ئومۇملاشتۇرۇش بىلەن ئۆستۈرۈش-
نىڭ مۇناسىۋىتىدىن ئالغاندا، ئۆستۈرۈشنى مۇھىم ئورۇنغا
قويۇش، ئىجادىيەت ۋە ئەدەبىي تەنقىدنىڭ سۈپىتىنى ئۆس-
تۈرۈش — نۆۋەتتە ھەل قىلىشقا تېگىشلىك مۇھىم مەسىلە. شېئىر
ئىجادىيىتىنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈشتە تۇرمۇش يەنىلا تۈپ ئامىل،
لېكىن ئەدەبىي ئىجادىيەتنىڭ قانۇنىيىتىدىن سەۋەبنى سۈرۈش-
تۈرگەندە، ئىجادىيەتتە ئىندىۋىدۇئاللىق (خاسلىق)نى جارى
قىلدۇرۇش، ئۆزگىچە خاس بەدىئىي ئۇسلۇب يارىتىپ، ھەر خىل
ئۇسلۇبلار ئارا ئەركىن مۇسابىقىنى قانات يايدۇرۇش شېئىر
ئىجادىيىتىنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈشتىكى مۇھىم ئامىل.

ئەدەبىي ئىجادىيەت بىر خىل مەنىۋى ئەمگەك، بۇ خىل
ئەمگەك يازغۇچىنىڭ ئۆزگىچە خاس ئالاھىدىلىككە ئىگە بو-
لۇشى، شەخسىنىڭ ئىجادىي كۈچى، كۆزىتىش ئىقتىدارى ۋە تە-
سەۋۋۇر كۈچىنى غايەت زور دەرىجىدە جارى قىلدۇرۇشنى،
تۇرمۇشقا نىسبەتەن چوڭقۇر چۈشەنچە ئالاھىدە كۆز قاراشقا ئىگە
بولۇشنى، ئۆزگىچە خاس بەدىئىي ئۇسلۇب يارىتىشنى تەلەپ
قىلىدۇ. ئۆزگىچە خاس بەدىئىي ئۇسلۇبنىڭ شەكىللىنىشى ياز-
غۇچى ئىجادىيىتىنىڭ پىشىپ يېتىلىۋاتقانلىقىنىڭ مۇھىم بەل-

گىسى بولۇپلا قالماي، بەلكى ھەرقايسى مىللەت ئەدەبىياتىنىڭ گۈللەپ ياشناۋاتقانلىقىنىڭ مۇھىم بەلگىسىدۇر.

بەدىئىي ئىجادىيەتتىكى ئىندىۋىدۇئاللىق ۋە بەدىئىي ئۇسلۇب بىر - بىرى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، بىر-بىرىنى تولۇقلايدۇ ۋە بىر بىرىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. ئىجادىيەتتىكى ئىندىۋىدۇئاللىق يازغۇچىنىڭ ئۆزىگە خاس تۇرمۇش تەجرىبىسى، ئىدىيىۋى ھېسسىياتى، شەخسىي خاراكتېرى، ئىستېتىك غايىسى ۋە ئىجادىيەت تالانتىنىڭ ئەسەردىكى ئىپادىسىدۇر. بەدىئىي ئۇسلۇب بولسا، شەخسىي ئىندىۋىدۇئاللىقنىڭ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشى، ئۆسۈپ يېتىلىشى بولۇپ، يازغۇچىنىڭ بىر قەدەر روشەن ۋە بىر قەدەر مۇھىم ئىندىۋىدۇئال خۇسۇسىيەتلىرىنىڭ ئەسەردىكى ئىپادىسىدۇر. ئىجادىيەتتە ئىندىۋىدۇئاللىق تولۇق جارى قىلدۇرۇلغاندا، ئاندىن ھەرخىل بەدىئىي ئۇسلۇب شەكىللىنىدۇ.

ئەدەبىي ئىجادىيەتتە يازغۇچىنىڭ ئىندىۋىدۇئاللىقى ۋە شۇ ئاساستىكى بەدىئىي ئۇسلۇبى ئەسەرلەرنىڭ مەزمۇن ۋە شەكلىنى ھاسىل قىلغۇچى مۇھىم ئامىللارنىڭ بىرلىكىدە ئىپادىلىنىدۇ. يەنى سيۇژېت تاللاش، تېمىنى تاللاش ۋە ئوبراز يارىتىشتا، بەدىئىي ئىپادىلەش ۋاسىتىسىنى ۋە ئۇسلۇبىنى ئىشلىتىش، ۋەقەلىك قۇرۇلمىسىنى ئورۇنلاشتۇرۇش، ئىجادىيەت ئۇسۇلى قاتارلىق جەھەتلەردە ئىپادىلىنىدۇ. ھازىرقى ئىجادىيەت ئەھۋالىدىن قارىغاندا، ئىجادىيەتتە ئىندىۋىدۇئاللىقنى جارى قىلدۇرۇپ، بەدىئىي ئۇسلۇبنى شەكىللەندۈرۈشتە تۆۋەندىكى بىرقانچە نۇقتىنى ئالاھىدە تەكىتلەش زۆرۈر:

ئېنگېلس ئەدەبىي ئىجادىيەتتە: «ھەر بىر كىشى بىر تىپ، شۇنداقلا مۇئەييەن بىر شەخس، خۇددى مويسىپىت گېگېل ئېيتقاندەك بىر ‹بۇ› بولۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇش لازىم»،— دېگەنىدى. ئېنگېلس گەرچە بۇ سۆزنى تىپىك ئوبرازلارنىڭ ئومۇملۇقى ۋە خاسلىقى توغرىسىدا ئېيتقان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ يازغۇچىنىڭ تۇرمۇشنى كۆزىتىش ۋە ئەكس ئەتتۈرۈشىگىمۇ ئۇيغۇن كېلىدۇ. ھەر بىر يازغۇچىدا قەلبىنى تەسىرلەندۈرىدىغان تۇرمۇش ئۆزگىچىلىكى بولۇشى، ئۆزىنى تەسىرلەندۈرگەن، ئۆزى پىششىق بىلىدىغان ئۆزىگە مەنسۇپ بولغان تۇرمۇشنى يېزىشى لازىم، تۇرمۇش يېڭى، ئۆزگىچە بولغاندا پىكىر ۋە مەزمۇنمۇ يېڭى بولىدۇ، ئىدىيىۋى ھېسسىياتمۇ چوڭقۇر بولىدۇ. يازغۇچى تۇرمۇشنى كۆزىتىش ۋە ئەكس ئەتتۈرۈشتە ئۆزىنىڭ ئەۋزەللىكىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇشى، مۇستەقىل تەپەككۇر ئارقىلىق تۇرمۇش ھەقىقىتىنى ئۆزىگە خاس بەدىئىي ماھارەت بىلەن يورۇتۇپ بېرىشى لازىم. نۆۋەتتە، يېڭى دەۋرىمىزنى چوڭقۇر چۈشىنىپ، تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇشتىن ئىبارەت دەۋر روھىنى ئۇلۇغ ئىسلاھات دولقۇنىدىن بىۋاستە تەسىرلىنىش ئاساسىدا يېڭى شېئىرىي پىكىر بىلەن ئەكس ئەتتۈرۈشىمىز لازىم.

ھېسسىيات يېڭى ۋە يالقۇنلۇق بولۇشى لازىم، ئىجادىيەتتە ھېسسىيات بولماي مۇمكىن ئەمەس، شېئىردا تېخىمۇ شۇنداق؛ ھېسسىيات شېئىرنىڭ جېنى. ئادەمنىڭ ھېسسىياتى خىلمۇ خىل بولىدۇ. شائىر خەلقنىڭ ھېسسىياتىنى ئۆزىگە خاس ھېس-تۇيغۇ بىلەن ئىپادىلەپ بېرىشى، ھېسسىياتنىڭ ئالاھىدىلىكىگە دىققەت قىلىشى كېرەك، ھېسسىياتنىڭ ئالاھىدىلىكى، شېئىردىكى

ئىندىۋىدۇئاللىقىنىڭ مەركىزىي نۇقتىسىدۇر، بىزدە ۋەتەنپەرۋەرلىك تېمىسىدا نۇرغۇن شېئىرلار يېزىلدى، ۋەتەن تېمىسىنى ئۆزىگە خاس قايناق ھېسسىيات بىلەن ئىپادىلىگەن شېئىرلار خەلق ئىچىدە كۈچلۈك تەسىر قوزغىدى. مەسىلەن، «سېغىندىم» (نىمشېھىت)، «ۋەتەن ھەققىدە غەزەل» (ت. ئېلىيوۋ)، «بوغدا ئانام» (ئا. ئۆتكۈر)، «ۋەتىنىم سۆت بەردىڭ، ھالال ۋە ئاپئاق» (ئوسمانجان ساۋۇت) ئەنە شۇنداق شېئىرلاردۇر.

شېئىردا تىل ئالاھىدىلىكى بولۇشى لازىم. شېئىرىي تىل مەنىلىك، ساپ، ئاممىباپ، گۈزەل، ئاھاڭدار بولۇشى كېرەك. شائىرلار خەلقنىڭ جانلىق تىلىنى، كلاسسىك شائىرلارنىڭ تىلىنى ئۆگىنىش ئاساسىدا تىلدىمۇ ئىجادچانلىق روھىنى جارى قىلىشى، تىل دېڭىزى ئىچىدىن خىلمۇ خىل ئېسىل گۆھەرلەرنى قېزىشقا ماھىر بولۇشى لازىم.

بەدىئىي ئىپادىلەش ۋاستىلىرىدە ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكنى جارى قىلىش، ھەر خىل ئىجادىيەت ۋاستىلىرىدىن تولۇق پايدىلىنىش، ھەر خىل ئىجادىيەت ئۇسۇلىنى قوللىنىشنى تەشەببۇس قىلىش لازىم.

ئىجادىيەتتە ئىندىۋىدۇئاللىق كەڭ جارى قىلىنسا، ھەر خىل ئۇسلۇبلار شەكىللىنىپ، ئەركىن مۇسابىقىلىشىش ۋەزىيىتى شەكىللەنسە، شېئىرىيەت بېغىمىزدا ھەممە گۈللەر تەكشى ئېچىلغان، ھەممە ئېقىملار بەس - بەستە سايرىغان باھار مەنزىرىسى بارلىققا كېلىدۇ.

ئىنسان روھىنىڭ ئىنژېنېرى بولغان شائىر ئۆزىگە خاس ئاۋازغا ئىگە بولۇشى، بەدىئىي ئىندىۋىدۇئاللىق ئاساسىدا ئۆزىگە خاس بەدىئىي ئۇسلۇب يارىتىشى لازىم؛ بىر ئۆمۈر

شېئىر يېزىپ، شېئىرىيەتتە ئۆزىنىڭ مۇستەقىل ئورنى ياكى
شەخسىي ئۇسلۇبى بولماسلىق ئېچىنارلىق ئەھۋال، ئەدەبىي
ئىجادىيەتتە ئۆزىگە خاس ئىندىۋىدۇئاللىقنى ئىپادىلەش،
ئۆزىگە خاس ئۇسلۇب يارىتىش ئاسان ئەمەس.

ئىجادىيەتتە ئىندىۋىدۇئاللىق، شەخسىي ئۇسلۇبنىڭ شە-
كىللىنىشى خىلمۇ خىل ئامىللارغا باغلىق بولسىمۇ، يەنىلا
ئاچقۇچ ئىزلىنىشكە جۈرئەت قىلىش - قىلماسلىققا باغلىق.
ئىزلىنىش ئىجادىيەتنىڭ ئالدىنقى شەرتى، ئىزلىنىش بولمىسا
ئىجادچانلىق بولمايدۇ. يازغۇچى ۋاڭ مېڭ «ئادەم باشقىلارنىڭ
ئىزىنى دەسسەپ ماڭماسلىقى، شۇنىڭدەك ئۆزىنىڭمۇ ئىزىنى
دەسسەپ ماڭماسلىقى كېرەك»،— دېگەنىدى. بىزدە ئىجادىيەتتە
ئىندىۋىدۇئاللىقنى كەڭ جارى قىلىشنىڭ، شەخسىي ئۇسلۇب
يارىتىشنىڭ شەرت - شارائىتى ناھايىتى تولۇق، يازغۇچىلارغا
كەڭ ئەركىنلىك بېرىلدى، نۇرغۇن شائىرلىرىمىز ئۆزىگە خاس
بەدىئىي ئۇسلۇب يارىتىش يولىدا جاپالىق ئەمگەك قىلىۋاتىدۇ،
بىز بىردەك ئىنتىپاقلىشىپ، تۇرمۇشقا چوڭقۇر چۆكۈپ، ئۆگى-
نىشنى كۈچەيتىپ، شېئىر ئىجادىيىتىدە ئىندىۋىدۇئاللىقنى جارى
قىلدۇرۇش، شەخسىي ئۇسلۇب يارىتىش يولىدا ئىزلەنسەك،
ئەدەبىي تەنقىدتىمۇ مۇشۇ جەھەتتىكى نەزەرىيىۋى تەتقىقاتنى
كۈچەيتسەك، «سەنئەت ئالدىدا ھەممە ئادەم باراۋەر» دېگەن
پرىنسىپنى ئىجرا قىلىپ، يازغۇچى، شائىرلارنىڭ ئىجادچان-
لىق روھىغا تېخىمۇ ياخشى ئىلھام بەرسەك، شېئىر ئىجادىيىتى-
مىزنىڭ سۈپىتى تېخىمۇ ئۆسۈپ، يېڭى بىر گۈللىنىش مەنزى-
رىسى بارلىققا كېلىدۇ.

# ئەدەبىي ئىجادىيەتتە رېئال تۇرمۇشنى تېخىمۇ ياخشى ئەكس ئەتتۈرەيلى

مەن «شىنجاڭ گېزىتى» نىڭ 1980 - يىل 1 - ئاينىڭ 23 - كۈنىدىكى «شەرق شامىلى» بېتىگە بېسىلغان يولداش ئىمىن تۇرسۇننىڭ «تاپ يولۇڭنى، ئەي يىگىت»، «روناق تاپقىن، جانلىق قىز» ناملىق ئىككى شېئىرىنى قىزىقىش بىلەن ئوقۇدۇم.

ئاپتور بۇ شېئىردا بىر قىسىم ئوغۇل - قىزلارنىڭ كەيپ - ساپا، ئويۇن - تاماشاغا بېرىلىپ، ئەخلاقىي جەھەتتىن بۇزۇلغانلىقىدىن ئىبارەت رېئال تۇرمۇشتىكى مۇھىم ئىجتىمائىي مەسىلىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ياشلارنى مەدەنىيەتلىك، ئەدەبلىك (ئەخلاقلىق) سوتسىيالىستىك يېڭى كىشىلەردىن بولۇپ يېتىشىپ، زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىغا تۆھپە قوشۇشقا چاقىرىدۇ. ئاپتور بۇ تېمىنى ۋاقتىدا تۇتقان، ياخشى تۇتقان.

بۇ، ئىككى شېئىرنىڭ ئىدىيىۋى مەزمۇنىنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇش بەدىئىي سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈش جەھەتلەردە ئاپتورغا

يۇقىرى تەلەپ قويۇشقا توغرا كەلسىمۇ، لېكىن ئاپتورنىڭ رېئال تۇرمۇشتىكى زىددىيەت ۋە كۆرەشلەرنى ئەكس ئەتتۈرۈشكە جۈرئەت قىلىش، ئەدەبىي ئىجادىيەتتە رېئال تۇرمۇشنى ئەكس ئەتتۈرۈشكە تىرىشىش روھىنى قەدىرلەشكە ئەرزىيدۇ.

خەلق ئاممىسى ئەدەبىي ئەسەرلەردىن رېئال تۇرمۇشتىكى زىددىيەت ۋە كۆرەشلەرنى، ئىجتىمائىي مەسىلىلەرنى بەدىئىي ئوبراز ئارقىلىق ئەكس ئەتتۈرۈشنى، ياخشى ئىستىل، ياخشى كەيپىياتنى قىزغىن مەدھىيىلەپ، جەمئىيەتتە توغرا كەيپىياتنىڭ ئۆسۈشىگە ئىلھام بېرىشنى، كونا شەيئىلەرنى، روھىي مەرەزلىكلەرنى، چىرىك، قالاق ھادىسىلەرنى پاش قىلىپ، پىيەن قىلىپ جەمئىيەتتىكى يامان كەيپىياتلارنىڭ تۈگىتىلىشىگە ياردەم قىلىشنى ئۈمىد قىلىدۇ. بۇ نۇقتىدا يازغۇچىلار خەلق ئاممىسى ئۈچۈن «كىمخاب ئۈستىگە گۈل بېسىش» ئەمەس، بەلكى «قاتتىق سوغۇقتا كۆمۈر يەتكۈزۈپ بېرىش» رولىنى ئۆتۈشى لازىم.

رۇس دېموكراتىك يازغۇچىسى چېرنىشېۋسكىي «پۇلنىڭ قىممىتى ئالتۇن بىلەن، سەنئەتنىڭ قىممىتى رېئاللىقنى ئەكس ئەتتۈرۈش بىلەن ئۆلچىنىدۇ»، — دېگەنىدى. رېئال تۇرمۇشنى چىنلىق بىلەن ئەكس ئەتتۈرگەن بەدىئىي ئەسەرلەر تارىختىن بۇيان زور ھاياتىي كۈچكە ۋە بەلگىلىك بەدىئىي قىممەتكە ئىگە بولۇپ كەلدى.

ئەدەبىي ئەسەرلەردە رېئال تۇرمۇشنى تېخىمۇ ياخشى ئىنكاس قىلىش ماھىيەتتە، ئەدەبىيات — سەنئەتنىڭ خەلقنى تەربىيىلەش، خەلقنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇش رولىنى جارى قىلدۇرۇشتىن ئىبارەت.

نۆۋەتتە مەملىكىتىمىز مىقياسىدا مەدەنىيەتلىك بولۇش، ئەدەبلىك بولۇش، پاكىز بولۇش، تەرتىپلىك بولۇش، ئەخلاقلىق بولۇش ۋە قەلبى گۈزەل، سۆزى گۈزەل، ھەرىكىتى گۈزەل، مۇھىتى گۈزەل بولۇش مەزمۇن قىلىنغان سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت يارىتىش پائالىيىتى قانات يايماقتا. بۇ، تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇشنىڭ مۇھىم كاپالىتى، شۇنداقلا ئىدىيىۋى سەپتىكى ئۇزۇن مۇددەتلىك مۇشكۈل ۋەزىپە، ئەدەبىيات — سەنئەت سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت يارىتىشتا ئالاھىدە رول ئوينايدۇ.

ئەدەبىيات — سەنئەت مەنىۋى كۈچ، روھىي ئوزۇق سۈپىتىدە ئىنسانلارنىڭ ئەخلاقىي پەزىلىتىگە بىۋاسىتە تەسىر كۆرسىتىدۇ. ئەدەبىي ئەسەرنىڭ مۇھىم ئىجتىمائىي رولى شۇنىڭدىن ئىبارەتكى، ئوبراز ئارقىلىق كىشىلەرنىڭ ئىدىيىۋى ھېسسىياتىدا، روھىي قىياپىتىدە ئۈن-تىنسىز تەسىر پەيدا قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئەخلاقىي پەزىلىتىنى يېتىلدۈرىدۇ. ياخشى ئىجتىمائىي كەيپىياتنى يارىتىشتا كۈچلۈك جامائەت پىكرى پەيدا قىلىدۇ. سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت يارىتىپ سوتسىيالىستىك يېڭى كىشىلەرنى يېتىشتۈرۈش، خەلقنىڭ روھىي دۇنياسىنى گۈزەللەشتۈرۈش، ئېڭىنى ئۆستۈرۈش — ئەدەبىيات-سەنئىتىمىزنىڭ مۇھىم ۋەزىپىسى. نۆۋەتتە يازغۇچى، شائىر، ھەۋەسكارلار ئەدەبىي ئىجادىيەتتە رېئال تۇرمۇشنى تېخىمۇ ياخشى ئەكس ئەتتۈرۈشى، ھەر خىل سەنئەت ئوبرازى ئىچىدە ھەرقايسى سەپلەردە ئۆزلۈكسىز يېتىشىپ چىقىۋاتقان ئومۇمىيەتچىل، شەخسىيەتسىز، ئۆز مەنپەئەتىدىن كېچىپ باشقىلار ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان، ئۆزىنى ئۇنتۇ-

غان ھالدا ئەمگەك قىلىدىغان، بارلىقىنى تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش ئۈچۈن تەقدىم قىلىدىغان ئىلغار شەخسلەرنى، يېڭى كەيپىيات، يېڭى ئىستىل ۋە ئەخلاقنى مەدھىيىلىشى، بارلىق ناتوغرا كەيپىياتلارنى، ناچار خاھىشلارنى پاش قىلىشى، ھەجۋى قىلىشى، سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت يارىتىش ئۈچۈن تۆھپە قوشۇشى لازىم. بۇ، دەۋرنىڭ تەلىپى، خەلقنىڭ تەلىپى.

يولداش ئىمىن تۇرسۇن ئەدەبىي ئىجادىيەتنى رېئاللىققا يۈزلەندۈرۈپ، ئەدەبىي ئىجادىيەتنى سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت يارىتىش ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇشتا پايدىلىق ئىزلىنىش ئېلىپ باردى. بۇ ياخشى باشلىنىش. بۇ خىل ئىجادىيەت روھىنى تەشەببۇس قىلىش كېرەك.

# مىللىي ئالاھىدىلىككە ئىگە سوتسىيالىستىك ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ غايەت زور تەرەققىياتى

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى مەملىكەتلىك خەلق ۋەكىللەر قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ تەستىقى بىلەن 1955 - يىل 10 - ئاينىڭ 10 - كۈنى تەنتەنە بىلەن قۇرۇلغانىدى. مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە — جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ مەملىكىتىمىزدىكى مىللىي مەسىلىنى ماركسىزم - لېنىنىزم ھەقىقىتى بويىچە ھەل قىلىدىغان تۈپ سىياسىتى ۋە دۆلەتنىڭ مۇھىم بىر سىياسىي تۈزۈمى. 30 يىلدىن بۇيانقى ئەمەلىيەت شۇنى ئىسپاتلىدىكى، شىنجاڭدا ئاپتونومىيە تۈزۈمىنىڭ يولغا قويۇلۇشى ھەرقايسى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئۆز مىللىتىنىڭ ئىشلىرىنى ئۆز ئالدىغا باشقۇرۇش ھوقۇقىنى كاپالەتلەندۈردى، باراۋەرلىك، ئىتتىپاقلىق، ھەمكارلىق ئاساسىدىكى سوتسىيالىستىك مىللىي مۇناسىۋەتنى راۋاجلاندۇردى. دۆلەتنىڭ بىرلىكىنى مۇستەھكەملەشتە، شىنجاڭنىڭ ۋە پۈتۈن مەملىكەتنىڭ سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش ئىشلىرىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە غايەت زور رول ئوينىدى.

شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر مەملىكىتىمىزدىكى

باشقا مىللەتلەر بىلەن بىرلىكتە ئورتاق گۈللىنىش يولىغا قاراپ دادىل قەدەم تاشلىدى. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى — شىنجاڭدا دېموكراتىك ئىسلاھات ئاخىرلىشىپ، تارىختىن بۇيان ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمران سىنىپلار يۈرگۈزۈپ كەلگەن مىللىي ئېكسپىلاتاتسىيە تۈزۈمى ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان، ھەر مىللەت خەلقى جۇڭگو كوممۇنىستلار پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە، سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىش ۋە سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشقا قەدەم قويغان تارىخىي بۇرۇلۇش مەزگىلىدە قۇرۇلدى. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ قۇرۇلۇشى شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى خىزمەتلىرىدە يېڭى بىر گۈللىنىش مەنزىرىسىنى بارلىققا كەلتۈردى. ئەدەبىيات - سەنئەت ساھەسىمۇ بۇنىڭ سىرتىدا ئەمەس. ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئاساسلىق مىللەت بولغان ئۇيغۇرلارنىڭ ئەدەبىيات - سەنئىتىدىكى غايەت زور تەرەققىيات ئاپتونومىيە تۈزۈمىنىڭ ئەۋزەللىكىنى ۋە ئۇنىڭ رولىنى ئىنتايىن روشەن چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ قۇرۇلۇشى جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىدىن ئىبارەت بىر پۈتۈن مەملىكەتتە ئەدەبىيات - سەنئەتنى ئىشچى، دېھقان، ئەسكەرلەر ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش ئىشلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا كەڭ يول ئاچتى.

XX ئەسىرنىڭ 20 - يىللىرى ۋە 30 - يىلىنىڭ باشلىرىدا، ئۇلۇغ ئۆكتەبىر ئىنقىلابى ۋە «4 - ماي» ھەرىكىتىنىڭ تەسىرى بىلەن شىنجاڭدا فېئوداللىزمغا، جاھانگىرلىككە قارشى ۋەتەنپەرۋەرلىكنى، ئىنسانپەرۋەرلىكنى، دېموكراتىيىنى، ئىلىم - پەننى تەرغىپ قىلىدىغان يېڭى دېموكراتىك

ئەدەبىيات شەكىللىنىشكە باشلىغانىدى. ئۇنىڭ داڭلىق ۋەكىلى ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ئىدى. 30 - يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىغا كەلگەندە، بولۇپمۇ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش پارتلىغاندىن كېيىن، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى چېن تەنچيۇ، ماۋزېمىن، لىن جىلۇ قاتارلىق مۇنەۋۋەر كوممۇنىستلارنى شىنجاڭغا ئەۋەتتى، ئۇلار ماركسىزم - لېنىنىزم ئەدەبىيات - سەنئەت ئىدىيىسىنى تەشۋىق قىلىپ، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت ئەدەبىيات - سەنئەتچىلىرىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇپ، ۋەتەننى قۇتقۇزۇش ھەرىكىتىنى مەركەز قىلغان ئىنقىلابىي ئەدەبىيات - سەنئەت پائالىيەتلىرىنى داغدۇغىلىق قانات يايدۇرۇشقا باشلامچىلىق قىلدى. بۇنىڭ بىلەن شىنجاڭدىكى ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ يېڭى دېموكراتىك ئەدەبىيات - سەنئەت ھەرىكىتى جۇش ئۇرۇپ راۋاجلىنىپ زور بىر تۈركۈم ھەر مىللەت ياش شائىرلىرى، يازغۇچىلىرى مەيدانغا چىقتى. ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ۋەتەنپەرۋەر جەڭچىسى شائىر، دراماتۇرگ لۇتپۇللا مۇتەللىپ ئەنە شۇ دەۋرنىڭ ئەڭ داڭلىق ۋەكىلى ئىدى.

1944 - يىلىغا كەلگەندە، شىنجاڭدا جۇڭگو ئىنقىلابىنىڭ بىر قىسمى بولغان ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى پارتلىدى. بۇ ئىنقىلابنىڭ يەتتە ۋىلايەتكىمۇ تەسىرى چوڭ بولدى، ئاز بولمىغان ئىنقىلابىي ئەدەبىيات - سەنئەت خادىملىرى گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى كۆرەشكە ئاتلاندى، بۇ كۆرەشنىڭ قاينىمى ئىچىدە زۇنۇن قادىرى، ئەلقەم ئەختەم، تۇرغۇن ئالماس قاتارلىق مۇنەۋۋەر يازغۇچى،

شائىرلار مەيدانغا چىقتى؛ ئۇلار ئۆز ئەسەرلىرى ئارقىلىق ھەر مىللەت خەلقىنىڭ گومىنداڭغا قارشى كۈرەشلىرىنى مەدھىيىلىدى، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ جۇڭگونىڭ ئازادلىقىغا بولغان تەشنالىقىنى ئىپادىلىدى، لېكىن تارىخىي چەكلىمىلەر تۈپەيلىدىن، شىنجاڭدىكى ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئەدەبىيات-سەنئىتىنى كىم ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش ۋە قانداق خىزمەت قىلدۇرۇش مەسىلىسى يېتەكچى ئىدىيە جەھەتتە تېخى ئايدىڭ ئەمەس ئىدى.

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلۇپ ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا يېڭى دەۋر باشلاندى، يولداش ماۋ زېدۇڭنىڭ «يەنئەن ئەدەبىيات - سەنئەت سۆھبەت يىغىنىدا سۆزلەنگەن نۇتۇق» ۋە ئۇنىڭدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان ماركسىزم - لېنىنىزملىق ئەدەبىيات - سەنئەت پرىنسىپلىرى شىنجاڭدىكى ھەرقايسى مىللەت ئەدەبىيات - سەنئەت خادىملىرىنىڭ ھەرىكەت قىبلىنامىسىگە ئايلاندى.

ئاپتونومىيە رايونى قۇرۇلغاندىن كېيىن ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئاپتونومىيە ئورگانلىرى شۇ جايدىكى مىللەتلەرنىڭ ئۆز تىل - يېزىقىنى ئىشلىتىپ مىللىي مەدەنىيىتىنىڭ ئېسىل ئەنئەنىلىرىگە ۋارىسلىق قىلىپ ۋە ئۇنى جارى قىلدۇرۇپ، مىللىي ئالاھىدىلىككە ئىگە سوتسىيالىستىك مەدەنىيەت قۇرۇش پرىنسىپىنى بەلگىلىدى.

شىنجاڭدەك كۆپ مىللەتلىك رايوندا ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ ئىشچى، دېھقان، ئەسكەرلەر ئۈچۈن خىزمەت قىلىش — شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى ئۈچۈن خىزمەت قىلىش دېمەكتۇر. شىنجاڭنىڭ سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشى ئۈچۈن خىز-

مەت قىلىش دېمەكتۇر، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى پۈتۈن مەملىكەت خەلقىغە ئوخشاشلا سوتسىيالىزمنىڭ غەلىبىسى ئۈچۈن كوممۇنىزمدىن ئىبارەت ئۇلۇغ غايىنى ئەمەلگە ئاشۇ- رۇش ئۈچۈن كۈرەش قىلىدۇ، بۇ ئېلىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئورتاق ئىرادىسى ۋە ئارزۇسى، لېكىن، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تۇرمۇش شەكلى ۋە كۈرەش شەكلى، ئۇلارنىڭ ئۆرپ - ئادەتلىرى، تىل - يېزىقلىرى، شۇنىڭدەك ئۇلارنىڭ ھېسسىياتى، مىجەز - خاراكتېرى قاتارلىق جەھەتلەردە ئۆزگىچە ئالاھىدىلىككە ئىگە، شۇڭا ئەدەبىيات - سەنئەتنى شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى ئۈچۈن، شىنجاڭنىڭ سوتسىيالىستىك قۇرۇ- لۇشى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرغاندىلا، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ مىللىي ئالاھىدىلىككە ئىگە سوتسىيالىستىك ئەدەبىياتىنى تېخىمۇ راۋاجلاندۇرۇپ، ۋەتىنىمىز ئەدەبىيات - سەنئىتىنى رەڭگارەڭ تۈسكە ئىگە قىلغىلى بولىدۇ.

يېتەكچى ئىدىيە جەھەتتىن نىشان - يۆنىلىشى ئېنىق بولغانلىقى، جۈملىدىن قەتئىي ئىزچىللاشتۇرغانلىقى ئۈچۈن، ئۇيغۇر ئەدەبىيات - سەنئىتىدە تۈپ ئۆزگىرىشلەر بولدى. بۇ تۈپ ئۆزگىرىشنىڭ ھەل قىلغۇچ ئەھمىيەتكە ئىگە مۇھىم ئالامىتى شۇكى، ئۇيغۇر يازغۇچىلارنىڭ قوشۇنى ئۆسۈپ يېتىل- دى. بۇ قوشۇن ئىچىدىكى يازغۇچى - شائىرلار ئىشچى، دېھقان، ئەسكەرلەر ئاممىسى ئىچىگە چوڭقۇر چۆكۈپ ماركسىزم - لېنىنىزمنى، جەمئىيەتنى ئۆگىنىش جەريانىدا بەدىئىي ماھا- رىتىنى داۋاملىق ئۆستۈرۈپ، ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ بىرمۇن- چە ئېسىل مېۋىلىرىنى ھەر مىللەت خەلقىغە تەقدىم قىلدى. شۇنىڭ بىلەن ھەر مىللەت خەلقىنىڭ مىللىي ئالاھىدىلىككە

ئىگە سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ تەرەققىياتى ئىلگىرى سۈرۈلدى.

مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونوم رايونىمىز 30 يىلدىن بۇيان ئەگرى - توقاي تەرەققىيات جەريانىنى بېشىدىن كەچۈرگەنگە ئوخشاش، ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ تەرەققىياتىمۇ ئەگرى - توقاي يوللارنى بېسىپ ئۆتتى، ئاپتونومىيە ئورگانلىرى مىللىي شەكىل، مىللىي ئالاھىدىلىككە ئىگە ئەدەبىيات - سەنئەت ئىشلىرىنى ئۆز ئالدىغا باشقۇرۇشتا «ئوڭ» ۋە «سول» دىن كەلگەن توسالغۇلارنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىدى، بولۇپمۇ، مىللەتلەرنىڭ باراۋەرلىك ھوقۇقىغا ۋە مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە ئورگانلىرىنىڭ ئاپتونومىيە ھوقۇقىغا سەل قارايدىغان ۋە ھۆرمەت قىلمايدىغان سولچىل خاتا خاھىشنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت تەرەققىياتىغا كەلتۈرگەن ئاقىۋىتى ئىنتايىن يامان بولدى، ئۇيغۇر يېڭى دەۋر ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىيات جەريانىنى ئومۇمەن ئۈچ باسقۇچقا بۆلۈش مۇمكىن:

1 - باسقۇچ: يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن باشلاپ «مەدەنىيەت ئىنقىلابى» نىڭ ھارپىسىغىچە بولغان 17 يىل ئۇيغۇرلارنىڭ يېڭى دەۋر ئەدەبىياتى يېڭى جۇڭگو بىلەن بىللە راۋاجلاندى. يازغۇچى - شائىرلار تولۇپ تاشقان قىزغىنلىق بىلەن ئىجتىمائىي ئىسلاھات ۋە سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش ئەمەلىيىتىگە قاتنىشىپ، يېڭى جۇڭگونى، سوتسىيالىزمنى كۈيلىدى، بولۇپمۇ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ قۇرۇلۇشى، ئۇنىڭ بىلەن بىللە يەنە 1956 - يىلى «بارچە گۈللەر تەكشى ئېچىلىش، ھەممە ئېقىملار بەس -

بەستە سايراش» فاڭجېنى ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ مىللىي ئالاھىدىلىكىگە ئىگە سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات - سەنئەت گۈلىنى ئېچىلدۇرۇشنىڭ تەكىتلىنىشى ھەر مىللەت يازغۇچىلىرىغا زور ئىلھام بولدى. ئەدەبىيات - سەنئەت قانۇنى بويىچە ئىش كۆرۈلدى، سەنئەت دېموكراتىيىسى جارى قىلىندى. بۇنىڭ بىلەن ئەدەبىي ئىجادىيەتتە بارچە گۈللەر تەكشى ئېچىلغان باھار مەنزىرىسى بارلىققا كەلدى، لېكىن 1957 - يىلى ئېلىپ بېرىلغان ئوڭچى ــ يەرلىك مىللەتچىلىككە قارشى ھەرىكەت ئېغىر دەرىجىدە كېڭەيتىۋېتىلدى، زور بىر تۈركۈم پېشقەدەم يازغۇچىلار، تالانتلىق، ئىزلىنىش روھىغا باي ياش ۋە ئوتتۇرا ياش يازغۇچىلار زەربە يېدى. ھەر مىللەت خەلقىنىڭ سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات - سەنئەت ئىشلىرى ئېغىر زىيانغا ئۇچرىدى. 1958 - يىلىغا كەلگەندە «مۇبالىغىچىلىك»، «مال - مۈلۈكنى ئومۇمنىڭ قىلىۋېتىش شامىلى»نى ئاساسىي بەلگە قىلغان سولچىللىق خاتالىقىنىڭ ئەۋج ئېلىشى بىلەن تۇرمۇش ساختىلاشتۇرۇلغان، مۇقۇملاشتۇرۇلغان، قېلىپلاشتۇرۇلغان ئەدەبىيات - سەنئەت ئەسەرلىرى، خىلمۇ خىل رامكىلار بەلگىلەنگەن ئەدەبىيات - سەنئەت نەزەرىيىلىرى كۆپەيدى، شۇنىڭ بىلەن ئەدەبىي ئىجادىيەتنىڭ يولى بارغانسېرى تارىيىپ كەتتى.

بۇ خىل ئەھۋالنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن 1961 - ۋە 1962 - يىللىرى پارتىيىنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت سىياسىتى تەڭشەلدى، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە سىياسىتى قايتا ئەمەلىيلەشتۈرۈلدى، بۇنىڭ بىلەن شىنجاڭ ئەدەبىيات - سەنئىتىدە بارچە گۈللەر تەكشى ئېچىلغان،

ھەممە گۈللەر بەس - بەستە سايرىغان ۋەزىيەت قايتا شەكىل-
لىنىشكە باشلىدى. لېكىن ئاز ئۆتمەي ئاتالمىش «شىۋجېڭ-
جۇيىغا قارشى تۇرۇش ھەرىكىتى» باشلىنىپ، بەزى ئەدەبىي
ئەسەرلەر، ئىلمىي نۇقتىئىنەزەرلەر ۋە بەزى يازغۇچىلار ئۈستىدە
خاتا پىپەن ئېلىپ بېرىلىپ، ئەدەبىيات - سەنئەتتىكى سولچىل
لۇشيەن بارغانسېرى ئەدەب كەتتى.
بۇ 17 يىل ئىچىدە پارتىيىنىڭ مىللىي سىياستى
ئەدەبىيات - سەنئەت فاڭجېنى سولچىل خاھىشنىڭ بۇزغۇن-
چىلىقى ۋە توسالغۇسىغا ئۇچرىغان بولسىمۇ، لېكىن سولچىل
خاتالىق شۇ چاغدا تېخى ئومۇمىي ۋەزىيەتتە ئۈستۈنلۈكنى
ئىگىلەش دەرىجىسىگە بېرىپ يەتمىگەنلىكى، كۆپ ۋاقىتلاردا
ئاساسەن پارتىيىنىڭ مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە سىيا-
سىتى، پارتىيىنىڭ بىر قاتار ئەدەبىيات - سەنئەت سىياسەت-
لىرى توغرا ئىجرا قىلىنغانلىقى ئۈچۈن ھەرقايسى مىللەتلەر-
نىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت ئىشلىرى زور تەرەققىياتقا
ئېرىشتى. «چېنىقىش» (ھېكايىلەر توپلىمى، زۇنۇن قادىرى)،
«ۋەتەن مۇھەببىتى» (شېئىرلار توپلىمى، نىمشېھىت)، «ئۈمىد
دولقۇنلىرى» (شېئىرلار توپلىمى، ئەلقەم ئەختەم)، «تىنچلىق
ناخشىسى»، «تۈگىمەس ناخشا» (شېئىرلار توپلىمى، ت. ئېلىيوۋ)،
«توي» (دراما، زۇنۇن قادىرى)، «يالقۇن تاغدا غەزەپ
ئاۋازى» (دراما، بۇرھان شەھىدى)، «بوستانلىقتا تەنتەنە»
(كىنو سىنارىيىسى)، چوڭ تىپتىكى ناخشا - ئۇسسۇل «خەلق
گۇڭشېسى ياخشى» ئەنە شۇ 17 يىلنىڭ مەھسۇلى؛
2 - باسقۇچ: «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» ئېلىپ
بېرىلغان ئون يىل، بۇ ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ يېڭى

دەۋر ئەدەبىيات تارىخىدا ئەڭ زۇلمەتلىك دەۋر بولدى، خۇددى يولداش ماۋ زېدۇڭ كۆرسىتىپ ئۆتكەندەك، «ھېكايىمۇ بولمىغان، شېئىرمۇ بولمىغان، ئوبزورمۇ بولمىغان» ھالەت شەكىللەندى، لېكىن ھەر مىللەت يازغۇچىلىرى كۆز يېشىنى يۈرەككە ئاققۇزۇپ ھاقارەتلەنگەن، زەربە يېگەن ئەھۋال ئاستىدىمۇ تۇرمۇشقا بولغان تونۇشىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ كەلگۈسىگە بولغان غايەت زور ئۈمىد بىلەن ئىجادىيەت ئۈستىدە داۋاملىق ئىزلىنىپ، تىرىشچانلىق كۆرسەتتى؛

3 - باسقۇچ: 3 - ئومۇمىي يىغىندىن كېيىنكى يېڭى تارىخىي دەۋردۇر.

پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك 3 - ئومۇمىي يىغىندىن بۇيان پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى بەلگىلىگەن مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلاردىكى ئاپتونومىيە ئورگانلىرىنىڭ ئاپتونومىيە ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈشكە، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىشكە پايدىلىق بولغان چوڭ- چوڭ سىياسەتلەرنى قانۇن شەكلى بىلەن مۇقىملاشتۇردى. لىن بياۋ ۋە «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» نىڭ ئىنتايىن سولۇشىيەنىنى پىپەن قىلىش، سىياسەتنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش، ئەدەبىيات - سەنئەت ساھەسىدىكى يالغان ئەنزە، خاتا ئەنزە ۋە ناھەق ئەنزىلەرنى بىر تەرەپ قىلىش، ئىدىيىنى ئازاد قىلىش، ئېچىلىپ سايراش فاڭجېنىنى ئىزچىللاشتۇرۇش نەتىجىسىدە شىنجاڭ ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەدەبىياتى يېڭى تەرەققىيات باسقۇچىغا قەدەم قويدى. ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ 3 - ئومۇمىي يىغىندىن بۇيانقى ئەدەبىي ئىجادىيەت مەيلى سان، مەيلى سۈپەت، مەيلى تېمىنىڭ كەڭلىكى، شەكلىنىڭ ۋە ئۇسلۇبلارنىڭ خىلمۇ خىللىقى، دەۋر روھىنىڭ چوڭقۇر

ئىپادىلىنىشى جەھەتتە بولسۇن «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» زوراۋانلىق قىلغان دەۋردىكىگە تەققەشتۈرگىلى بولمايدۇ، ھەتتا «مەدەنىيەت ئىنقىلابى» دىن ئىلگىرىكى 17 يىلدىن كۆپ دەرىجىدە ئېشىپ كەتتى. كىشىنى خۇشال قىلىدىغىنى شۇكى، ئەدەبىيات ـ سەنئەت قوشۇنى تېخىمۇ راۋاج تاپتى ۋە زورايدى. زور بىر تۈركۈم ياش ۋە ئوتتۇرا ياش يازغۇچىلار ئەدەبىيات ـ سەنئەت سېپىگە قوشۇلۇپ ئەدەبىيات ـ سەنئەت سېپىگە يېڭى تۈس ۋە يېڭى كەيپىيات ئەكەلدى. ھازىر جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق شۆبىسى 292 ئەزاغا ئىگە. جەمئىيەت قارمىقىدا چىقىدىغان «تارىم» ژۇرنىلى ئەتراپىغا پەقەت ئۇيغۇرلاردىنلا 500 گە يېقىن ئاپتور ئۇيۇشقان. بۇ زور ئىجادىي كۈچ ھېسابلىنىدۇ. ئەدەبىي ئىجادىيەتتە بارچە گۈللەر بەس ـ بەستە ئېچىلغان ئومۇمىيۈزلۈك گۈللەنگەن باھار يېتىپ كەلدى. كىشىنى خۇشال قىلىدىغان يەنە بىر يېڭى ئەھۋال شۇكى، تارىختىن بۇيان شېئىرىيەت ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا ئاساسىي سالماقنى ئىگىلەپ كەلگەنىدى، لېكىن 3 ـ ئومۇمىي يىغىندىن كېيىن پروزا ئىجادىيىتى ھېكايە ژانىرىدىن راۋاجلىنىپ پوۋېست، رومان، تىرىلوگىيىگە قەدەم قويۇپ، قەييۇم تۇردىنىڭ «كۆرەشچان يىللار» تىرىلوگىيىسى، زوردۇن سابىرنىڭ «ئاۋرال شاماللىرى»، «ئىزدىنىش»، ئابدۇراخمان قاھارنىڭ «ئىلى دولقۇنلىرى»، ئا. ئۆتكۈرنىڭ «ئىز» قاتارلىق رومانلىرى، ئەخەت تۇردىنىڭ «قىيانلىق دەريا» قاتارلىق پوۋېستلىرى بارلىققا كەلدى. شېئىرىيەت ساھەسىدىمۇ پەلسەپىۋى مەزمۇندىكى لىرىك

شېئىرلار مەيدانىغا كېلىش بىلەن بىرلىكتە «قەشقەر كېچىسى»، «ئىلى پەرزەنتلىرى»، «گۈلمىروي»، «ئاق روماللىق پەرىزات» قاتارلىق يىرىك داستانلار بارلىققا كەلدى. ئەدەبىياتىمىزدىكى ئاجىز ھالقىلارنىڭ بىرى بولغان دراما ۋە ئوبزورچىلىق ئالاھىدە تېز راۋاجلاندى. «قانلىق يىللار»، «رابىيە ـ سەيدىن»، «ئامانىسا»، «تاشۋاي»، «چىن مودەن» قاتارلىق بىر قەدەر ياخشى سەھنە ئەسەرلىرى، بىر تۈركۈم ئىقتىدارلىق دراما-تۇرگلار، ئوبزورچىلار مەيدانغا چىقتى، كىنوچىلىق سەنئىتىمۇ تېز راۋاجلاندى. «رەنانىڭ تويى»، «بەخت ناخشىسى»، «ئارتىس بولالمىغان قىز» قاتارلىق كىنولار تاماشىبىنلارنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا سازاۋەر بولدى. ئەدەبىياتىمىزدىكى يىرىك ئەسەرلەر، يېڭى راۋاجلىنىش ۋە يېڭى بۆسۈپ ئۆتۈش كۆپ ھاللاردا بىر قەدەر ياش يازغۇچىلارنىڭ قولىدىن چىقىشى رايونىمىزنىڭ ئىجادىيەت تارىخىدا تېخى كۆرۈلۈپ باقمىغان ئىش. دېمەك، رايونىمىزنىڭ ئەدەبىيات ـ سەنئىتىنىڭ ھازىرقى دەۋرى دۆلىتىمىز قۇرۇلغاندىن كېيىنكى ئەڭ ياخشى تارىخىي دەۋر بولۇپ قالدى.

ھەر قانداق مىللەتنىڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەت تەرەق-قىياتىنىڭ سەۋىيىسىنى ئۆلچەيدىغان مۇھىم ئامىل — پەقەت شۇ مىللەتنىڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئەسەرلىرىنىڭ سانىلا ئەمەس، بەلكى ئەسەرنىڭ سۈپىتى، سۈپەتنى ئۆلچىگۈچى مۇھىم ئامىلنىڭ بىرى، ئومۇمىيلىققا ۋە ئىندىۋىدۇئال خاراك-تېرىگە ئىگە تىپىك ئوبراز؛ يەنە بىرى، ھەر خىل بەدىئىي ئۇسلۇب ۋە ئېقىملارنىڭ شەكىللىنىشى ۋە تەرەققىي قىلىشىدىن ئىبارەت، بۇ ئىككى ئامىل ھەر قايسى مىللەت ئەدەبىيات ـ

سەنئەتنىڭ پىشىپ يېتىلىۋاتقانلىقىنىڭ مۇھىم بەلگىسى.

يېڭى دەۋر سوتسىيالىستىك ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىن ئالغاندا مۇۋەپپەقىيەتلىك يارىتىلغان ياكى بىر قەدەر مۇۋەپپەقىيەتلىك يارىتىلغان بەدىئىي تىپلار ھازىرچە يەنىلا ئاز، لېكىن، بۇ جەھەتتىكى نەتىجىلەر ياش ئۇيغۇر سوتسىيالىستىك ئەدەبىياتىنىڭ زور ھاياتىي كۈچىنى نامايان قىلدى.

پېشقەدەم يازغۇچى زۇنۇن قادىرىنىڭ «چىنىقىش» ھېكايىسىدىكى مەتنىياز ئوبرازى مۇۋەپپەقىيەتلىك يارىتىلغان ئوبراز بولۇپ، مەتنىياز ئوبرازى كۆرۈپ چۈشەنگىلى، ھېس قىلغىلى بولىدىغان، رېئال، ئىنچىكە، تەسىرلىك، ھەم ئومۇمىيلىققا ھەم ئۆزىگە خاس مىللىي ئالاھىدىلىككە ئىگە تىپىك ئوبرازدۇر. بۇ ئوبرازنىڭ يارىتىلىشى بۈگۈنكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ ئېرىشكەن ئەڭ ياخشى مۇۋەپپەقىيىتى ھېسابلىنىدۇ. بىز مەتنىيازنىڭ ئوبرازى ئارقىلىق ئۇيغۇر دېھقانلىرىنىڭ سوتسىيالىزم يولىدا مېڭىش جەريانىدىكى جاپالىق سەرگۈزەشتىلىرىنى سوتسىيالىزم تۈزۈمىنىڭ ئۇيغۇر دېھقانلىرىنىڭ ئىجتىمائىي مۇناسىۋىتىدە پەيدا بولغان ئاجايىپ چوڭقۇر ئۆزگىرىشلىرىنى چوڭقۇر ھېس قىلىمىز.

يازغۇچى قەييۇم تۇردىنىڭ «كۆرەشچان يىللار» ناملىق تىرىلوگىيىسىدە 1949 - يىلىدىن 1955 - يىلىغىچە ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئىجتىمائىي ھاياتىدا يۈز بەرگەن تارىخىي خاراكتېرلىك زور ئۆزگىرىشلەر تەسۋىرلەنگەن.

بۇ روماندىكى ئالماسنىڭ ئوبرازى تىپىك ئەھمىيەتكە ئىگە بولۇپ، يازغۇچى بۇ ئوبراز ئارقىلىق ئۇيغۇر ئەمگەك-

چىلىرىنىڭ مەملىكەت بويىچە ئېلىپ بېرىلغان ئازادلىق ئۇرۇشىنىڭ غايەت زور ئىلھامى ۋە ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ تەسىرىدە زالىملار ئالدىدا باش ئەگمەي ئالدىنقىلار يىقىلسا، كېيىنكىلەر ئىز بېسىپ باتۇرلارچە كۈرەش قىلغانلىقىنى، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تەقدىرىنىڭ جۇڭگو ئىنقىلابىنىڭ تەقدىرى بىلەن چەمبەرچەس باغلانغانلىقىنى، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ پارتىيە رەھبەرلىكىدە دېموكراتىك ئىنقىلاب-نىڭ غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈپ، سوتسىيالىزم يولىغا دادىل قەدەم تاشلىغانلىقىنى، بۇ كۈرەشچان يىللاردا بىر ئەۋلاد يېڭى دېھقانلارنىڭ يېتىلىپ چىقىۋاتقانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. ئالماس خاراكتېرىدە چاقناپ تۇرغان زالىملارغا بولغان غەزەپ - نەپرەت ھەر مىللەت قېرىنداشلىرىغا بولغان مېھىر - مۇھەببەت، جاسارەت ۋە شىجائەت، قەتئىي ئالغا ئىلگىرىلەش قاتارلىق خۇسۇسىيەتلەر كىشى قەلبىدە چوڭقۇر تەسىر قالدۇرىدۇ.

يولداش زوردۇن سابىرنىڭ «ئىزدىنىش» رومانىدىكى ئەلا ئوبرازى زامانىمىزدىكى ياشلارنىڭ ئوبرازىنى يارىتىشتا مۇۋەپپەقىيەتلىك چىققان تىپىك ئوبراز. روماندا «مەدەنىيەت ئىنقىلابى» دىن بۇرۇنقى 17 يىلنى ئارقا كۆرۈنۈش قىلغان ھالدا ياشلارنىڭ سولچىل لۇشيەنىنىڭ تەسىرىدە ئەگرى - توقاي يوللارنى بېسىپ ئۆتۈپ، ئاچچىق سەرگۈزەشتىلەرنى بېشىدىن كەچۈرۈپ، ئىلىم - پەن بىلەن سوتسىيالىستىك ۋەتەننى گۈللەندۈرۈشتىن ئىبارەت ئۇلۇغ غايىنى ئەمەلگە ئاشۇ-رۇش يولىدا جاپالىق ئەمگەك قىلىۋاتقانلىقىنى بايان قىلىدۇ. ئادىل ئوبرازى ئۆزىگە خاس خاراكتېر بىلەن يارىتىلغان

بولۇپ، ئوبرازدا دەۋر روھىنىڭ كۈچلۈكلۈكى، ئوبرازنىڭ تەسىرچانلىقى بىلەن ھەر مىللەت ياشلىرىنىڭ ئىچىدە ئاجايىپ تەسىر قوزغايدۇ. ئەلا ئوبرازنى ئۇيغۇر يېڭى دەۋر ئەدەبىياتىدا زامانىمىز كىشىلىرىنىڭ تىپىك ئوبرازىنى يارىتىشتا ياخشى باشلىنىش دەپ قاراش مۇمكىن. نۇرغۇن يازغۇچىلار تىپىك ئوبراز يارىتىشنى ئەدەبىي ئىجادىيەتتىكى ئىجادىچانلىقنىڭ مەركىزى دەپ قاراپ، دەۋر روھى چاقناپ تۇرغان ھەم ئومۇمىيلىققا، ھەم ئىندىۋىدۇئال خاراكتېرگە ئىگە تىپىك ئوبراز يارىتىشنى تىرىشىپ ئىزدەنمەكتە.

سوتسىيالىستىك ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا ئوخشاشمىغان بەدىئىي ئۇسلۇبلار شەكىللىنىپ ۋە راۋاجلىنىپ، ھەر خىل ئۇسلۇبلار بىر - بىرىگە تەسىر كۆرسىتىدىغان، ئۆزئارا مۇسابىقىلىشىدىغان، ئورتاق گۈللىنىشنى ئىلگىرى سۈرىدىغان ياخشى ۋەزىيەت بارلىققا كەلدى. بۇ يېڭى دەۋر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ گۈللىنىۋاتقانلىقىنىڭ يەنە بىر مۇھىم بەلگىسى.

ئۇيغۇر خەلقى ئۇزۇن يىللىق مەدەنىيەت تارىخىغا ئىگە. ئەجدادلىرىمىز «ئوغۇزنامە»، «دىۋان لۇغەتىت تۈرك»، «قۇتادغۇبىلىك»كە ئوخشاش دۇنياغا مەشھۇر مەدەنىي مىراسلارنى يارىتىپ، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ مەدەنىيەت خەزىنىسىنى بېيىتقان. بىزنىڭ نۇرغۇن يازغۇچىلىرىمىز يېڭى تۇرمۇش زېمىنىدا تۇرۇپ ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدىن ئوزۇق ئېلىپ خەنزۇ ئەدەبىياتى ۋە دۇنيا ئەدەبىياتىنىڭ تەسىرىنى قوبۇل قىلىپ، ئىجادىي روھىنى جارى قىلدۇرۇپ ئۆزىگە خاس بەدىئىي ئۇسلۇب ياراتتى. ئۇلارنىڭ بۇ خىل ئۇسلۇبى ھەم مىللىي ئالاھىدىلىكنى، ھەم ئۆزىنىڭ شەخسىي

ئىندىۋىدۇئاللىقىنى تولۇق گەۋدىلەندۈرگەن. مەسىلەن، زۇنۇن قادىرىنىڭ بەدىئىي ئۇسلۇب ئالاھىدىلىكى شۇكى، ئۇنىڭ ھېكايىلىرى ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ ماھىيەتلىك زىددىيەتلىرىنى ئېچىپ بېرىشكە ماھىر، ئۇنىڭ ھېكايە يېزىشتىكى ئۇسلۇبى خەلق ھېكايە، چۆچەكلىرىگە ئوخشايدۇ. ۋەقەلەر ئىنتايىن قىزىقارلىق، يۇمۇرىستىك، ئۇنىڭ ئەسەرلىرىدىكى ئوبرازلاردا ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆزىگە خاس خاراكتېرى گەۋدىلىنىپ تۇرىدۇ. ھېكايىنىڭ تىلى ئىخچام، مەزمۇنلۇق.

شائىر تېيىپجان ئېلىيوۋنىڭ بەدىئىي ئۇسلۇب، ئالاھىدىلىكى شۇكى، ئۇ دەۋرىمىزدىكى چوڭقۇر ئەھمىيەتكە ئىگە تېمىلارنى، تېپىك ھېسسىياتنى چوڭقۇر ئەكس ئەتتۈرەلەيدۇ. ئۇنىڭ شېئىرىي پىكرى يېڭى ۋە ئىجادى، ئوبرازلار رەڭمۇ رەڭ. ئۇنىڭ شېئىرلىرىدا ئۇيغۇر كلاسسىك شېئىرىيىتى ۋە خەلق قوشاقلىرىنىڭ ئارتۇقچىلىقىمۇ ئىجادىي سىڭدۈرۈلگەن. ئۇنىڭ شېئىرلىرىنىڭ تىلى ئاممىباپ، جانلىق ۋە پىششىق، قاپىيە، ۋەزىن جەھەتتىن مول ۋە خىلمۇ خىل.

شائىر ئەلقەم ئەختەمنىڭ شېئىرىي ئۇسلۇبىنىڭ ئالاھىدىلىكى شۇكى، ئۇنىڭ شېئىرلىرى ھېسسىياتقا باي، شېئىر شەكلى يەڭگىل، ئاممىباپ، تىلى چۈشىنىشلىك، ئاھاڭدار.

شائىر ئابدۇكېرىم خوجىنىڭ شېئىرلىرىدىكى پىكىرلەر چوڭقۇر ۋە مەنىلىك، ئىپادىلەش ئۇسۇلىمۇ يېڭى.

شائىر مەمتىلى زۇنۇن تۇرمۇشتىكى نازۇك زىددىيەتلەرنى، ئامما كۆڭۈل بۆلىدىغان ئىجتىمائىي مەسىلىلەرنى ئەكس ئەتتۈرۈشكە ماھىر. ئۇنىڭ شېئىرلىرىنىڭ شەكىللىرى خىلمۇ خىل، تىلىمۇ ئاممىباپ ۋە گۈزەل.

يازغۇچى قەييۇم تۇردى پېرسوناژ ئوبرازىنى ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەردىكى توقۇنۇش ئىچىدە تىپىك ۋەقەلەر ئارقىلىق گەۋدىلەندۈرۈشكە تىرىشسا، يازغۇچى زوردۇن سابىر پېرسوناژلارنى رېئال تۇرمۇش ئىچىدىكى پەۋقۇلئاددە، ئىنتايىن مۇرەككەپ زىددىيەتلەر ئىچىگە قويۇپ تەسۋىرلەپ پېرسوناژنىڭ ئۆزىگە خاس خۇسۇسىيىتىنى، جۈملىدىن روھىي دۇنياسىنى ئېچىپ بېرىشكە تىرىشىدۇ. ئەسەرنىڭ تىلىغا ئاجايىپ قېتىرقىنىپ ئىشلەيدۇ، شۇڭا ئۇنىڭ پېرسوناژلىرى كىشىگە ئاجايىپ چوڭقۇر تەسىر قىلىدۇ.

يېڭى دەۋر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا مۇنداق ئۆز ئالدىغا بەدىئىي ئۇسلۇب ياراتقان يازغۇچى - شائىرلار ئاز ئەمەس، بىزنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت سېپىمىزگە يېڭىدىن قوشۇلغان نۇرغۇن ياش ۋە ئوتتۇرا ياش يازغۇچىلار ماركسىزم - لېنىنىزملىق دۇنيا قاراش بىلەن تۇرمۇشنىڭ ئىجادىيەتكە بولغان ھەل قىلغۇچ رولىنى بارغانسېرى چوڭقۇر تونۇپ، پېشقەدەم يازغۇچىلارنىڭ تەجرىبىلىرىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، بەدىئىي ماھارەتنى داۋاملىق ئۆستۈرۈپ، ئۆزىگە خاس بەدىئىي ئۇسلۇب يارىتىش يولىدا جاپالىق ئەمگەك قىلماقتا.

ئاپتونوم رايون قۇرۇلغاندىن بۇيانقى 30 يىل ئىچىدە سوتسىيالىستىك ئۇيغۇر ئەدەبىياتى كىچىكلىكتىن كۈچىيىپ، تۆۋەندىن ئۆسۈپ بۈگۈنكى كۈنلۈكتە مۇكەممەل، ساغلام تەرەققىيات يولىغا قەدەم قويدى. بۇ پارتىيە مىللىي سىياسىتىنىڭ ئۇلۇغ غەلىبىسى. ئۇيغۇر يازغۇچىلىرىنىڭ ۋەتىنىمىز يېڭى دەۋر ئەدەبىياتىغا قوشقان ئۇلۇغ تۆھپىسى.

بۇ يېڭى تارىخىي دەۋر مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمىنىڭ ئەۋزەللىكىنى تېخىمۇ ياخشى جارى قىلدۇرۇپ، مىللىي ئالاھىدىلىككە ئىگە سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات - سەنئەت سېپى قۇرۇپ، بۇ لۇشيەندە چىڭ تۇرۇپ، ئىجادىيەتتە زامانىۋىلاشتۇرۇشقا، دۇنياغا، كېلەچەككە نەزەر تاشلاپ قاينام تاشقىنلىق ئىسلاھات دولقۇنى ئىچىدە ئىجادچانلىق روھىمىزنى ئۇرغۇتۇپ، مەنىۋى مەھسۇلاتىمىزنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈشكە تىرىشىدىغانلا بولساق، ياش سوتسىيالىستىك ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تېخىمۇ يۈكسەك پەللىگە قاراپ راۋاجلىنىدۇ.

# ئەدەبىي ئىجادىيەتتە يەنىمۇ بىر بالداق ئۆرلەيلى

## 1

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ قۇرۇلۇشى — شىنجاڭدىكى ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت تەرەققىياتىدا يېڭى سەھىپە ئاچتى. ھەر قايسى مىللەتلەر ئەدەبىيات - سەنئىتى مىللىي ئالاھىدىلىككە ئىگە سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات - سەنئەت بەرپا قىلىش يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇپ، ئەگرى - توقاي يوللارنى بېسىپ ئۆتۈپ، داۋاملىق تەرەققىي قىلدى ۋە گۈللەندى، بولۇپمۇ پارتىيىنىڭ 11 - نۆۋەتلىك 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، يېتەكچى ئىدىيە جەھەتتىكى قالايمىقانچىلىقنىڭ تۈزۈلۈشى، مەملىكەت بويىچە خىزمەتنىڭ مۇھىم نۇقتىسىنىڭ يۆتكىلىشى. پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسىتى ۋە ئەدەبىيات - سەنئەت سىياسىتىنىڭ تەدرىجىي ئەمەلىيلىشىشى نەتىجىسىدە شىنجاڭدىكى ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت ئىجادىيىتى تارىختا ئۆتكەن ھەرقانداق دەۋر بىلەن

سىلىشتۇرۇپ بولمايدىغان دەرىجىدە يېڭى بىر گۈللىنىش باس-
قۇچىغا قەدەم قويدى.

30 يىلدىن بۇيان، بولۇپمۇ 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇ-
يان شىنجاڭدىكى ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ ئەدەبىيات - سەن-
ئەت ئىجادىيىتىدە قولغا كەلتۈرگەن ھەر تەرەپلىمە غايەت زور
نەتىجىلىرى تۆۋەندىكى ئۈچ نۇقتىدا تولىمۇ گەۋدىلىك
ئىپادىلىنىدۇ.

بىرىنچى، 30 يىلدىن بۇيان، پېشقەدەم، ئوتتۇرا ياش
ۋە ياش يازغۇچىلاردىن تەركىب تاپقان ئىجادىيەت قوشۇنى
شەكىللەندى.

بۇ شىنجاڭدىكى ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئەدەبىيات -
سەنئىتىنىڭ گۈللەپ ياشنىشىدىكى تۈپ - ئاساسىي شەرت بو-
لۇپ، دەۋر بۆلگۈچ ئەھمىيەتكە ئىگە. بۇ قوشۇن ئىچىدىكى
يازغۇچىلار پارتىيىگە، ھەر مىللەت خەلقىغە سادىق، خەلق
ئىچىدە ئۆسۈپ يېتىلگەن، ئۆز مىللىتىنىڭ تۇرمۇشى ۋە خەلق
ئاممىسى بىلەن زىچ مۇناسىۋەت ئورناتقان، ئۆز مىللىتىنىڭ
تارىخىي مەدەنىي مىراسلىرى بىلەن پىششىق تونۇشقان ۋە
ئۇنى ئىجادىي جارى قىلدۇرغان، شۇڭا، ئۇلار مىللىي ئالا-
ھىدىلىككە ئىگە باي ھېسسىيات ۋە ئۇسلۇب بىلەن ئاپتونوم
رايونىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ باي تۇرمۇشىنى ۋە
جاپالىق مۇرەككەپ كۈرەشلىرىنى چىنلىق بىلەن جانلىق ئەكس
ئەتتۈردى. مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قىزغىن
مەدھىيىلىدى، پارتىيىنى، سوتسىيالىزمنىڭ يېڭى غەلىبىسىنى
مەدھىيىلىدى، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ

مەنىۋى مەدەنىيەت تۇرمۇشىنى بېيىتىشتا غايەت زور رول
ئوينىدى. بۇ قوشۇن ئىچىدىكى خېلى كۆپ يازغۇچىلار ئۆز
مىللىتىنىڭ تارىخى ۋە رېئال تۇرمۇشىنى ئۆزىگە خاس مىللىي
ئالاھىدىلىك بىلەن جانلىق ئىپادىلەپ، ئېلىمىزنىڭ يېڭى دەۋر
ئەدەبىياتىدا شەرەپلىك ئورۇنغا ئىگە بولدى؛

ئىككىنچى، ئەدەبىي ئىجادىيەتتە مول ھوسۇل ئېلىندى.
ھەر خىل ژانىر ۋە ھەر خىل شەكىلدىكى ئەدەبىي ئەسەرلەر
ئارقا - ئارقىدىن مەيدانغا چىقىپ، ئېلىمىزنىڭ ئەدەبىيات -
سەنئىتىنى رەڭگارەڭ تۈسكە ئىگە قىلدى. تولۇق بولمىغان
سانلىق مەلۇماتقا ئاساسلانغاندا، 30 يىل ئىچىدە مەتبۇئاتلاردا
ئون نەچچە رومان، 30 دىن ئارتۇق پوۋېست ۋە 1000 دەك
ھېكايە، نەسىرلەر، 100 پارچىدىن ئارتۇق شېئىر ۋە داستان-
لار توپلىمى نەشر قىلىنىپ، ئامما بىلەن يۈز كۆرۈشتى. ئا-
جىز ھالقا بولۇپ كېلىۋاتقان پروزا، دراما ۋە كىنو ئەدەبى-
ياتىنىڭ تەرەققىياتى ئىنتايىن تېز بولدى. بۇ ژانىرلاردا ئاز
بولمىغان ياخشى ئەسەرلەر مەيدانغا چىقتى. شۇنداق قىلىپ
ئەدەبىيات - سەنئەت بىلەن خەلق ئاممىسىنىڭ مۇناسىۋىتى
تېخىمۇ قويۇقلاشتى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن بۇيان، بولۇپمۇ پارتىيىنىڭ
11 - نۆۋەتلىك 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان، ئاپتونوم را-
يونىمىزدا سوتسىيالىستىك ئىنقىلاب ۋە سوتسىيالىستىك قۇرۇ-
لۇش ئىشلىرى ئۇچقاندەك تېز راۋاجلىنىپ، ھەر مىللەت خەل-
قىنىڭ تۇرمۇشى، ئىدىيىۋى قىياپىتىدە تۈپ خاراكتېرلىك
ئۆزگىرىشلەر مەيدانغا چىقتى. بىزنىڭ ئەدەبىياتىمىز ئەنە شۇ
گىگانت ئۆزگىرىشلەرنى «گۈزەللىك قانۇنىيىتى» بىلەن

(ماركس سۆزى) ئىنكاس قىلىپ، دەۋر بىلەن، ھەر مىللەت
خەلقى بىلەن ھامان بىللە ئالغا باستى. ھەر مىللەت خەلقى-
نىڭ تۇرمۇش ۋە كۈرەشلىرى چىنلىق بىلەن ئىنكاس قىلىش
جەھەتتە تېخىمۇ كەڭلىككە، چوڭقۇرلۇققا قاراپ راۋاجلاندى.
ئۇنىڭ روشەن ئالامىتى شۇكى، ئەسەرلەرنىڭ سيۇژېت دائى-
رىسى كېڭەيدى، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ رېئال تۇرمۇشى ھەر
تەرەپلىمە ئىنكاس قىلىنىپلا قالماي، تارىخىي ھاياتمۇ ئەكس
ئېتتىشكە باشلىدى. سيۇژېت دائىرىسىنىڭ كېڭىيىشىگە ئەگى-
شىپ، ئەسەردىكى پېرسوناژلارمۇ كۆپ خىللىققا قاراپ يۈز-
لەندى. ئاز بولمىغان پېرسوناژ ئوبرازى تىپىك خاراكتېر
سۈپىتىدە مەيدانغا چىقىپ، ھەر مىللەت خەلقىنى ۋەتەنپەرۋەر-
لىك، سوتسىيالىستىك روھتا تەربىيەلەشتە ئوبرازلىق دەرسلىك
بولۇپ قالدى. نۇرغۇن ئەسەرلەردە ھەر مىللەت خەلقىنىڭ
ئالغا بېسىش يولىدىكى ئۇلۇغ غەلىبىلەر مەدھىيىلىنىپلا قال-
ماي، بەزى ئوڭۇشسىزلىقلار، خاتالىقلار پاش قىلىنىپ، ئەدە-
بىي ئىجادىيەت تۇرمۇشقا يېقىنلىشىشقا باشلىدى. نۇرغۇن ئە-
سەرلەردە ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تۇرمۇشىدىكى ئىجتىمائىي مۇ-
ناسىۋەتلەرنى، زىددىيەت - توقۇنۇشلارنى ئەكس ئەتتۈرگەندە
بىر تەرەپتىن، مىللىي ئالاھىدىلىكنى چوڭقۇر ئىپادىلەشكە دىق-
قەت قىلسا؛ يەنە بىر تەرەپتىن، ماركسىزم - لېنىنىزم، ماۋ زې-
دۇڭ ئىدىيىسى پرىنسىپى بويىچە تۇرمۇشنى ئانالىز قىلىپ،
سەلتەنەتلىك تۇرمۇش مەنزىرىسى ۋە جانلىق ئوبراز ئىچىدە
دەۋرنىڭ تەرەققىيات يۆزلىنىشىنى گەۋدىلەندۈرۈپ، مىللىي ئا-
لاھىدىلىك بىلەن دەۋر روھىنى بىر قەدەر ياخشى بىرلەشتۈر-

دى. بۇلار بىزنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيىتىمىزدىكى بۆسۈش خا-
راكتېرلىك تەجرىبىلەر بولۇپ، بۇندىن كېيىنكى ئەدەبىي ئى-
جادىيىتىمىزنى يەنىمۇ بىر پەللە يۇقىرى كۆتۈرۈشتە ئومۇم-
يۈزلۈك ئەھمىيەتكە ئىگە:

ئۈچىنچى، ئەدەبىي ئوبزورچىلىق، نەزەرىيىۋى تەتقىقات
جانلاندى. ئەدەبىي ئوبزورچىلىق، نەزەرىيىۋى تەتقىقات بىر
پۈتۈن ئىجادىيەت ئەھۋالىدىن ئالغاندا ھېلىمۇ ئاجىز ھالقا
بولسىمۇ، لېكىن 30 نەچچە يىلدىن بۇيان، بولۇپمۇ 3 - ئومۇ-
مىي يىغىندىن بۇيان بىر تۈركۈم ئىقتىدارلىق ئوبزورچىلار ۋە
نەزەرىيە تەتقىقاتچىلىرى مەيدانغا چىقىپ، ئىجادىيەتتىكى
بەزى ئەمەلىي مەسىلىلەرنى ھەل قىلالايدىغان بەلگىلىك ئىل-
مىي قىممەتكە ئىگە بىر قىسىم ئوبزورلار ۋە نەزەرىيىۋى ئە-
سەرلەر يېزىلدى. ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەدەبىياتىنى تەتقىق
قىلىدىغان مەخسۇس ئورگانلار قۇرۇلدى. ئاپتونوم رايونىمىز-
دىكى ئالىي مەكتەپلەردە ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەدەبىياتى
مۇستەقىل دەرس قىلىپ كىرگۈزۈلدى. ئەدەبىي ئوبزورچىلىق،
نەزەرىيىۋى تەتقىقات ئومۇمىي ئەدەبىيات سېپىنىڭ مۇھىم
تەركىبىي قىسمىغا ئايلاندى. ئەدەبىي ئىجادىيەتنىڭ گۈللىنى-
شى ئەدەبىي ئوبزور ۋە نەزەرىيە تەتقىقاتىنى ئالغا سۈرىدى-
غان، ئەدەبىي ئوبزور ۋە نەزەرىيىۋى تەتقىقات ئەدەبىي ئى-
جادىيەتنىڭ گۈللىنىشىگە تۈرتكە بولىدىغان يېڭى بىر ياخشى
ۋەزىيەت بىخ ئۇرۇپ راۋاجلىنىشقا باشلىدى. بۇ ئاپتونوم را-
يونىمىزدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەدەبىيات تارىخىدا بولۇپ
باقمىغان ئىش. قىسقىسى، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر مىل-

لەت يازغۇچىلىرىنىڭ ئىجادىيىتى جانلاندى، كۆڭلى ئازاد بولدى، ئاكتىپچانلىقى ۋە ئىجادىي كۈچى ئۆستى، ئەدەبىيات ئىشلەپچىقىرىش كۈچى دەسلەپكى قەدەمدە ئازادلىققا ئېرىشتى. 30 يىلدىن بۇيان، بولۇپمۇ يېقىنقى بىرنەچچە يىل ئىچىدە ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ ئەدەبىياتىنىڭ تېز سۈرئەتتە راۋاجلىنىشى ئېلىمىزنىڭ كۆپ مىللەتلىك سوتسىيالىستىك ئەدەبىياتىدا بارچە گۈللەر تەكشى ئېچىلىشىنى شەكىللەندۈردى. بۇ بىزنىڭ كۆپ مىللەتلىك دۆلىتىمىزنىڭ گۈللەپ قۇدرەت تېپىشىدىكى مۇھىم بەلگىلىرىنىڭ بىرى. بۇ پارتىيىمىزنىڭ 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيانقى توغرا مىللىي سىياسىتى، ئەدەبىيات - سەنئەت سىياسىتىنىڭ مۇھىم غەلىبىسى.

## 2

ئەدەبىي ئىجادىيىتىمىزنىڭ ھازىرقى تەرەققىياتى دەۋرنىڭ، خەلقنىڭ تەلىپىنى قاندۇرالمايۋاتىدۇ. خەنزۇ ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىياتى بىلەن سېلىشتۇرغاندا نۇرغۇن جەھەتلەردىن تېخىچە ئارقىدا تۇرماقتا. ھەر مىللەت خەلقىنىڭ سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇش يولىدىكى قەھرىمانلىق ئىش ئىزلىرى، شىنجاڭنى ئېچىش ۋە گۈللەندۈرۈش ئۈچۈن كۆرەش قىلىۋاتقان گۈزەل مەنزىرە بىزنىڭ ئىجادىيىتىمىزدە تېخى تېگىشلىك دەرىجىدە ئەكس ئەتمىدى، دەۋر ھېسسىياتى ئاجىز، بىزنىڭ ئەسەرلىرىمىزدە سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش جەريانىدىكى زور ئىجتىمائىي زىددىيەتلەر ۋە كۆ-

رەشلەر چوڭقۇر ئەكس ئەتتۈرۈلمىدى، ئىپادىلەش ئۇسۇللىرىمۇ بىر قەدەر كونا.

ئەسەرلىرىمىزنىڭ بەدىئىي تەسىرچانلىقى يۇقىرى ئەمەس، شۇڭا، تەجرىبىلەرنى خۇلاسىلەش ئاساسىدا ئەسەرنىڭ ئىدىيىۋى مەزمۇنى ۋە بەدىئىي تەسىرچانلىق كۈچىنى ئۆستۈرۈش جەھەتتە بۆسۈپ ئۆتۈش خاراكتېرلىك يېڭىلىق يارىتىش توغرا كېلىدۇ:

بىرىنچى، ئەدەبىي ئىجادىيىتىمىزدە دەۋر روھىنى گەۋدىلەندۈرۈش ئۈچۈن يازغۇچىلار دەۋرنىڭ ئالدىدا تۇرۇپ، ئىدىيىنى تېخىمۇ ئازاد قىلىپ، ئەدەبىي ئىجادىيەتنى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، دۆلەتنى قۇدرەت تاپقۇزۇش ۋە خەلقنى بېيىتىشتىن ئىبارەت مۇشۇ ئەڭ چوڭ مەنپەئەت بىلەن زىچ بىرلەشتۈرۈش، ئەدەبىي ئىجادىيىتىمىز ئارقىلىق ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ مۇشۇ ئەڭ چوڭ مەنپەئەتنى ئىشقا ئاشۇرۇشى ئۈچۈن جاسارەت بىلەن تىرىشىپ ئىشلەپ، بارلىق قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، توختىماي كۈرەش قىلىدىغان قەھرىمانلىق روھىغا ئىلھام بېرىشىمىز لازىم. نۆۋەتتە ئېلىمىز ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنى مەركەز قىلغان ئومۇميۈزلۈك ئىسلاھات دولقۇنى ئىچىدە ئالغا ئىلگىرىلىمەكتە. ئىسلاھات سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇش يولىدىكى ئۇلۇغ ئەمەلىيەت. دەۋر روھىنىڭ مۇھىم بەلگىسى. يازغۇچىلار ئىجتىمائىي جاۋابكارلىق ۋە دەۋر يۈكلىگەن ۋەزىپىنى ئادا قىلىش ھېسسىياتى بىلەن ئۆز ئەسەرلىرى ئارقىلىق ئىسلاھات

جەريانىدىكى ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ تەرەققىيات يۆزلىنىشىنى،
ئىسلاھاتنىڭ پارلاق ئىستىقبالىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىش
لازىم.

ئىسلاھات ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تۇرمۇش ئۇسۇلىغا،
ئۆرپ - ئادىتىگە، پىكىر - كۆز قارىشىغا، مىللىي پسىخىكىسىغا،
روھىي ھالىتىگە چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتمەكتە. ھەر خىل
زىددىيەت ۋە كۆرەشتىن ساقلىنىش مۇمكىن ئەمەس، بىزنىڭ
ئەدەبىي ئەسەرلىرىمىزدە تۇرمۇشتىكى ھەر خىل كۈچلەر
ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت ۋە كۆرەشلەرنى چىنلىق بىلەن
تولۇق ئەكس ئەتتۈرۈش، رېئاللىقتىكى ئىجتىمائىي ئۆزگىرىش-
لەرنىڭ مۇرەككەپلىكىنى، كۆپ خىللىقىنى كۆرسىتىپ بېرىپ،
ئىسلاھات جەريانىدىكى يېڭى شەخس ۋە يېڭى شەيئىلەرنى،
يېڭىچە ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەرنى قىزغىن مەدھىيىلىشى،
ئىسلاھاتقا توسقۇن بولغان ھەر خىل چىرىك، كونا نەرسىلەر-
نى رەھىمسىز پاش قىلىشى، شۇنداق قىلىپ ئەدەبىي ئىجا-
دىيەتنى ھەقىقىي تۈردە دەۋرنىڭ سىگنالى ۋە ئەينى-
كىگە ئايلاندۇرۇش لازىم. سوتسىيالىستىك زاما-
نىۋىلاشتۇرۇشتىن ئىبارەت بۇ چوڭ مەنپەئەتنى،
ئىسلاھاتتىن ئىبارەت دەۋرىمىزنىڭ ئاساسىي مۇقا-
مىنى يېزىشقا ھەممە يازغۇچىغا ئوخشاش تەلەپ قويغىلى،
قالايمىقان ئارىلاشقىلى بولمايدۇ. تارىخىي تېمىدىكى ئەسەرلەر-
نىمۇ چەتكە قېقىشقا بولمايدۇ، لېكىن، سوتسىيالىستىك زاما-
نىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئۈچۈن خىزمەت قىلىشتىن ئىبارەت
بۇ باش نىشاننى، ئىسلاھاتتىن ئىبارەت بۇ چوڭ تېمىنى

زور كۈچ بىلەن كۆپلەپ يېزىشنى دائىم ئەستە چىڭ تۇتۇشىمىز لازىم؛

ئىككىنچى، ئىجادىيەت يولىنى تېخىمۇ كېڭەيتىپ، تېما كۆپ خىل بولۇش، باش تېما كۆپ خىل بولۇش، پېرسوناژ كۆپ خىل بولۇش، ژانىر، ئۇسلۇب كۆپ خىل بولۇشنى ھەقىقىي، توغرا ئەمەلگە ئاشۇرۇپ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ مەنىۋى تۇرمۇشىدىكى خىلمۇ خىل ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن تىرىشىش لازىم. ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تارىخىي ۋە رېئال تۇرمۇشى بىلەن سېلىشتۇرغاندا بىزنىڭ ئەدەبىياتىمىزنىڭ تېمىسى كۆپ خىل ئەمەس، ئازادلىقتىن بۇيانقى غايەت زور ئۆزگىرىشلەر، ئالغا بېسىش يولىمىزدىكى ئەگرى - توقايلىقلار تېخى ئەتراپلىق، چوڭقۇر ئەكس ئەتمىدى، تېخى قول سېلىنمىغان رېئال تۇرمۇش ۋە تارىخىي تۇرمۇش ساھەلىرى بوز يەر بولۇپ تۇرماقتا.

تېما دائىرىسىنىڭ خىلمۇ خىللىقى پېرسوناژ ئوبرازىنىڭ خىلمۇ خىللىقىنى ئالغا سۈرىدۇ. تارىختىكى، ھازىرقى زامان تۇرمۇشىدىكى بارلىق ئادەملەر ھەر خىل - ھەر رەڭ بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۆزىنىڭ ئالاھىدە ئەھمىيىتى ۋە قىممىتى بىلەن ئىجادىيىتىمىزنىڭ نەزەر دائىرىسىگە كىرىش لازىم. نۆۋەتتە سوتسىيالىستىك يېڭى كىشىلەرنىڭ ئوبرازىنى تېخىمۇ كۆپ، تېخىمۇ تىرىشىپ يارىتىپ، بۇ خىل ئوبرازنىڭ ئۈن - تىنسىز تەسىر قىلىدىغان رولى ئارقىلىق ياش ئەۋلادلارنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك ۋە سوتسىيالىستىك روھ يېتىلدۈرۈشىگە ياردەم بېرىشىمىز لازىم. ھازىرقى ئىجادىيەت ئەھۋالىغا

ئاساسەن، پېرسوناژ ئوبرازىنىڭ كۆپ خىللىقى بىلەن پېرسوناژ خاراكتېرىنىڭ چىنلىقى ۋە چوڭقۇرلۇقىنى بىرلەشتۈرۈشنى ئالاھىدە تەكىتلەش لازىم.

ئەدەبىيات — ئادەمشۇناسلىقتۇر. ئادەمنىڭ تەقدىرىگە كۆڭۈل بۆلۈش، پېرسوناژنىڭ جانلىق خاراكتېرىنى يارىتىش، تىپىك خاراكتېر ئۈستىدە ئىزدىنىش رېئالىزملىق ئەدەبىياتنىڭ مەركىزىي ۋەزىپىسى، يازغۇچىنىڭ ئىجادىيىتىدە پىشىپ يېتىلىۋاتقانلىقىنىڭ مۇھىم بەلگىسى. بىزنىڭ ئەسەرلىرىمىزدىكى پېرسوناژ خاراكتېرىدە ئىندىۋىدۇئاللىق تولۇق ئىپادىلىنىشى، جانلىق خاراكتېر ئىجتىمائىي مەزمۇنغا باي بولۇشى؛ پېرسوناژلارنىڭ ئىچكى دۇنياسىنىڭ موللۇقىنى، كۆپ خىللىقىنى يورۇتۇپ بېرىش لازىم. يازغۇچىنىڭ پېرسوناژنىڭ تىپىك خاراكتېرىنى يارىتىش جەھەتتىكى ئىجادچانلىق روھىغا، ئۆزىگە خاس ئالاھىدە ئۇسلۇب يارىتىشىغا ئىلھام بېرىش لازىم.

تېمىنىڭ كۆپ خىللىقىنى، پېرسوناژ ئوبرازىنىڭ كۆپ خىللىقىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش بىلەن بىرلىكتە ئەدەبىي ژانىرنىڭ كۆپ خىللىقىنىمۇ ئىشقا ئاشۇرۇش لازىم. دوكلات ئەدەبىياتى، كىنو ئەدەبىياتى، تېلېۋىزىيە، بالىلار ئەدەبىياتى قاتارلىق ئاجىز ژانىرلارنى زور كۈچ بىلەن تەرەققىي قىلدۇرۇپ، شىنجاڭدىكى ھەرقايسى مىللەتلەر ئەدەبىياتىنىڭ ئومۇميۈزلۈك راۋاجلىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش لازىم؛

ئۈچىنچى، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئەدەبىيات - سەنئىتىدىكى ئۆزگىچە ئەۋزەللىكىنى تولۇق جارى قىلىپ، ترادىتسىيىلىك ئەدەبىيات - سەنئەت

مىراسلىرىغا تەنقىدىي ۋارىسلىق قىلىش ئاساسىدا، ئۆگىنىشكە، يېڭىلىق يارىتىشقا ماھىر بولۇشىمىز لازىم.

ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەرقايسى مىللەتلەر ئۇزۇن يىللىق مەدەنىيەت تارىخىغا ئىگە. ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ترادىتسىيىلىك ئەدەبىيات - سەنئىتىدە باشقا مىللەتلەرگە ئوخشىمايدىغان ئېسىل ئىجادىيەت تەجرىبىلىرى، ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكلەر ساقلانغان. مەسىلەن، ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى ھېكايە - چۆچەكلىرىنىڭ سيۇژىتى جانلىق، مۇكەممەل، يۇمۇرىستىك خۇسۇسىيەت، ئوپتىمىستىك روھ بىلەن تولغان. كلاسسىك شېئىرلىرىمىزنىڭ بەدىئىي تەسىرچانلىق كۈچى يۇقىرى، ھېسسىيات كۈچلۈك، پەلسەپىۋى پىكىرلەر ئوبراز ئىچىگە سىڭدۈرۈلگەن، رۇبائىي، لەتىپە قاتارلىق ئۆزگىچە ئەدەبىي ژانىرلار باشقا مىللەت ئەدەبىياتىغا چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتمەكتە. ئەدەبىي ئىجادىيەتتە ئالدى بىلەن ئۆزىمىزنىڭ ئەۋزەللىكىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇشىمىز، ئۇنى ھەر خىل ژانىردىكى ئەدەبىي ئىجادىيىتىمىزگە سىڭدۈرۈشىمىز لازىم. شۇنىڭ بىلەن بىرگە نەزەر دائىرىمىزنى كېڭەيتىپ، مەملىكىتىمىزدىكى باشقا مىللەتلەر ۋە دۇنيا ئەدەبىياتى تەرەققىياتىدىكى يېڭى ئۇچۇرلارنى ۋاقتىدا ئىگىلەپ، مەملىكىتىمىزدىكى، دۇنيادىكى باشقا مىللەتلەرنىڭ ياخشى شەكلى، ياخشى ئىپادىلەش ئۇسۇلى مېتودىنى ئۆگىنىپ، بەدىئىي ماھارىتىمىزنى تىرىشىپ يۇقىرى كۆتۈرۈپ، ئەسەرنىڭ مەزمۇنى، شەكلى، ئىپادىلەش ئۇسۇلى جەھەتلەردە يېڭىلىق يارىتىش لازىم. مەملىكەت ئىچى ۋە خەلقئارا-

لىق ئەدەبىيات ئالماشتۇرۇش قويۇقلىشىۋاتقان شارائىتتا، ئۆزىمىزنىڭ ترادىتسىيىلىك ئەنئەنىلىرىگە ۋارىسلىق قىلىشتا كونسېرۋاتىپلىق بىلەن بىر ئىزدا توختاپ قېلىشقا بولمايدۇ. جۇملىدىن ئۆزىمىزنىڭ مىللىي ئەنئەنىسىنى چۆرۈپ تاشلاپ چەت ئەلنىڭ نەرسىلىرىگە نىسبەتەن قارىغۇلارچە چوقۇنۇشقا، شۇ پېتى كۆچۈرۈپ كېلىشكە بولمايدۇ. چەت ئەلنىڭ ياخشى نەرسىلىرى چوقۇم ئۆزىمىزنىڭ مىللىي ئەنئەنىسى بىلەن بىرلەشتۈرۈلۈشى، مىللىي ئالاھىدىلىككە ئىگە سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات - سەنئىتىنى راۋاجلاندۇرۇشقا پايدىلىق بولۇشى لازىم.

3

بىزنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيىتىمىزدە چوڭ يۈكسىلىش، چوڭ گۈللىنىش ۋەزىيىتىنى يارىتىش ئۈچۈن نۇرغۇن مەسىلىلەرنى مۇھاكىمە قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. نۆۋەتتىكى ھالقىلىق مەسىلە ئىجادىيەت ئەركىنلىكىنى تولۇق يولغا قويۇپ، يازغۇچىلارنىڭ ئاكتىپچانلىقىنى، ئىجادچانلىقىنى ئۆستۈرۈپ، ئەدەبىياتنىڭ ئىشلەپچىقىرىش كۈچىنى داۋاملىق ئازاد قىلىشتىن ئىبارەت.

يولداش خۇ چىلى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىغا ۋەكالىتەن «جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ 4 - قۇرۇلتىيىدا سۆزلەنگەن تەبرىك سۆزى» دە: «ئىجادىيەتنىڭ ئەركىن بولۇشى شەرت»، «يازغۇچى ئۆز مېڭىسى ئارقىلىق پىكىر قىلىشى، تېما، باش تېما ۋە بەدىئىي ئىپادىلەش ئۇسۇلىنى تاللاشتا تولۇق ئەركىنلىككە ئىگە بولۇشى، ئۆزىنىڭ مۇھەببىتىنى، قايىناق ھېسسىياتىنى ئىزھار قىلىشى

ۋە ئۆزىنىڭ ئوي - پىكرىنى ئىپادىلەشتە تولۇق ئەركىنلىككە
ئىگە بولۇشى شەرت»، «ئىجادىيەت ئەركىن بولغىنىغا ئوخ-
شاش ئوبزورچىلىقمۇ ئەركىن بولۇشى شەرت. ئوبزور ئەركىن-
لىكى ئىجادىيەت ئەركىنلىكىنىڭ تەركىبىي قىسمى، ئىلمىي
قائىدە سۆزلىنىدىغان يۈكسەك سەۋىيىلىك ئوبزور
بولمىسا، سوتسىيالىستىك ئەدەبىياتنىڭ راۋاجلىنىشى مۇمكىن
ئەمەس»،— دەپ جاكالىدى. ئەدەبىي ئىجادىيەت، ئەدەبىي ئوب-
زور جەزمەن ئەركىن بولۇشى كېرەك، دېگەن بۇ ھۆكۈم —
بىر پۈتۈن ئىجادىيەت قانۇنىدىن چىقىرىلغان ئىلمىي خۇلاسە.
«بارچە گۈللەر تەكشى ئېچىلىش، ھەممە ئېقىملار بەس -
بەستە سايراش» فاڭجېنىنىڭ ھەقىقىي ئەمەلىيلىشىشى ۋە
يېڭى تەرەققىياتى، ئەدەبىياتنىڭ ئىشلەپچىقىرىش كۈچىنى دا-
ۋاملىق ئازاد قىلىشنىڭ ئالدىنقى شەرتى. تارىخىي پاكىت
شۇنى ئىسپاتلىدىكى، بىر مەزگىلدىكى ئەدەبىي ئىجادىيەتنىڭ
گۈللىنىشى ۋە يۇقىرى دولقۇنغا كۆتۈرۈلۈشى، شۇ مەزگىلدىكى
يازغۇچىلارنىڭ روھىي ھالىتى، ئىجادىيەت كەيپىياتىنىڭ بىر
قەدەر ياخشى بولغانلىقى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. مەنىۋى
ئەمگەكنىڭ نەتىجىسى بولغان ئەدەبىي ئىجادىيەت جەزمەن
ئەركىن بولۇشى لازىم.

بىزنىڭ سوتسىيالىستىك ئەدەبىياتىمىز خۇددى لېنىن
ئېيتقاندەك: «ھەقىقىي ئەركىن ئەدەبىيات» بولغىنى ئۈچۈن
ئەدەبىي ئىجادىيەت ۋە ئەدەبىي ئوبزورچىلىقتىن ئىبارەت
سوتسىيالىستىك سەنئەت بۇلىبۇلىنىڭ بۇ ئىككى قانىتى تېخىمۇ
ئەركىن جەۋلان قىلىشى لازىم. ئىجادىيەت ئەركىنلىكى يولغا

قويۇلغاندا يازغۇچىلارنىڭ كۆڭلى ئازاد بولۇپ، ئوي - پىكرى جانلىنىپ، ئىشەنچكە تولۇپ، ئىجادىيەت بەيگىسىدە ياخشى ماھارەت كۆرسىتەلەيدۇ. ئەسەرنىڭ تېمىسى، باش تېما، ئىجادىيەت مېتودى، بەدىئىي ئۇسلۇب، بەدىئىي ئۇسۇل جەھەتتە يازغۇچى ئۆزى خالىغاننى يازىدىغان، ھەر خىل ئىلمىي ئېقىملار ئوتتۇرىسىدا ئەركىن مۇھاكىمە قانات يېيىپ، ھەممە گۈللەر تەكشى ئېچىلغان، ھەممە ئېقىملار بەس-بەستە سايرىغان يېڭى ۋەزىيەت بارلىققا كېلىدۇ. ئەدەبىياتنىڭ ئالتۇن دەۋرىنى شەكىللەندۈرىدۇ.

پارتىيىمىز، ھۆكۈمىتىمىز ئەدەبىي ئىجادىيەت، ئەدەبىي ئوبزور ئەركىنلىكىنىڭ جانلىنىشى ئۈچۈن كاپالەت ياراتتى. بىز ھەر مىللەت يازغۇچىلىرى پارتىيە، خەلق يارىتىپ بەرگەن پايدىلىق شارائىتنى جان - دىل بىلەن قەدىرلەپ، سۇبيېكتىپ جەھەتتە تىرىشچانلىقنى كۈچەيتىپ، ئۆزىمىز ئىجادىيەت ئەركىنلىكى ھالىتىگە ئۆتۈشىمىز كېرەك. ئاچقۇچ «سولچىل» خاتا خاھىشقا قارشى قەتئىي قارشى تۇرۇپ، قاتمال ئىدىيىلەرنى تۈگىتىپ، ئىدىيە جەھەتتە تەلتۆكۈس ئازادلىققا، ھەقىقىي ئەركىنلىككە ئېرىشىشتە، بىز ئۆزىمىزنىڭ ئىدىيىۋى ھېسسىيات ۋە پۈتكۈل ئىجادىيەت پائالىيىتىمىزنى پارتىيە ۋە دۆلەت يارىتىپ بەرگەن ئەركىنلىك مۇھىتىغا ماسلاشتۇرۇپ، ماركسىزم - لېنىنىزمنى تىرىشىپ ئۆگىنىپ، ئوبيېكتىپ دۇنيانى بەدىئىي شەكىلدە ئىگىلەپ ئەڭ زور ئىجادچانلىقىمىزنى جارى قىلدۇرۇپ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تۇرمۇشى، ئارزۇسى ۋە تەلىپىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان ئەسەرلەرنى تېخىمۇ كۆپلەپ ئىجاد قىلىپ، سوتسىيا-

لىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىغا يېڭى - يېڭى تۆھپىلەرنى قوشۇشىمىز لازىم.

تۇرپان خەلقى «تۇرپان دۇنيانى بىلسۇن، دۇنيا تۇرپاننى بىلسۇن؛» دېگەن جەڭگىۋار شوئارنى ئوتتۇرىغا قويدى. بىز تېخىمۇ چوڭ غەيرەتكە كېلىپ، ئەدەبىي ئىجادىيىتىمىزنى زامانىۋىلاشتۇرۇشقا، دۇنياغا، كېلەچەككە يۈزلەندۇرۇشىمىز لازىم. بۇ بىزنىڭ ئىرىشىش نىشانىمىز.

# يۇسۇپ خاس ھاجىپنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت كۆزقارىشى توغرىسىدا

## 1

XI ئەسىردىكى قاراخانىيلار دەۋرىدە ئۆتكەن ئېلىمىز ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئۇلۇغ پەيلاسوپى، مۇتەپەككۇرى ۋە شائىرى يۇسۇپ خاس ھاجىپ ئۆزىنىڭ «قۇتادغۇ بىلىك» ناملىق مەشھۇر ئەسىرى بىلەن ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ۋە دۇنيا ئەدەبىيات تارىخىدا شانلىق نامايەندە سۈپىتىدە مۇھىم ئورۇننى ئىگىلەيدۇ. بۇ ئەسەرنىڭ ئۇلۇغ ئەھمىيىتى شۇ يەردىكى، شائىر قاراخانىيلار دەۋرىدىكى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ھاياتىدىكى ئەڭ مۇھىم مەسىلىلەرنى، ئۇزۇن يىللىق تۇرمۇش تەجرىبىلەرىنى پەلسەپە ۋە ئەخلاق سەۋىيىسىگە كۆتۈرۈپ خۇلاسىلەپ، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ ئەنئەنىسىگە خاس سىمۋوللۇق ئوبراز يارىتىپ، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ تارىخىي تەرەققىياتىدا يېڭى يول ئاچتى. شۇنىڭ بىلەن شۇ دەۋر ئەدەبىياتىدىلا ئەمەس، بەلكى دۇنيا ئەدەبىياتىدىمۇ ناھايىتى ئاز تېپىلىدىغان ئۆ-

زىگە خاس ئورىگىنالىلىققا ئىگە مەشھۇر ئەسەر بولۇپ قالدى.

يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ مۇنداق چوڭ ھەجىمدىكى (13 مىڭ مىسرادىن ئارتۇق) چوڭقۇر مەزمۇنلۇق داستانىنى يۈكسەك ماھارەت بىلەن مۇۋەپپەقىيەتلىك يېزىپ چىقىشىدا، ئۇنىڭ قاراخانىيلار دەۋرىنى چوڭقۇر تەتقىق قىلىشى — ساددا ماتېرىيالىزملىق دۇنيا قارىشى، مەرىپەتپەرۋەرلىك، ئىنسانپەرۋەرلىك روھى، ئەتراپلىق بىلىمگە ئىگە بولۇش، ئەدەبىي جەھەتتىكى چېنىقىش قاتارلىق ئامىللاردىن باشقا، شائىرنىڭ ئىلمىي ئەدەبىيات-سەنئەت كۆز قارىشى مۇھىم رول ئوينىدى.

بۇ ماقالىدە يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ «قۇتادغۇبىلىك» ناملىق داستانىدە ئىپادىلەنگەن ئەدەبىيات - سەنئەت كۆز قارىشىنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى ئۈستىدە بەزى مۇلاھىزىلىرىمنى ئوتتۇرىغا قويىمەن:

## 2

«قۇتادغۇبىلىك» داستانىدىن شائىرنىڭ بىر قەدەر سىستېمىلىق، ئىلمىي ئەدەبىيات - سەنئەت كۆز قارىشىنى كۆرگىلى بولىدۇ. بۇ كۆز قاراشلار ئۇيغۇر يازما ئەدەبىياتىنىڭ ئاڭلىق دەۋرىنى بېشىدىن ئۆتكۈزۈپ پىشىپ يېتىلىپ مۇستەقىل پەنگە ئايلىنىپ، تېخىمۇ يۈكسەكلىككە قاراپ تەرەققىي قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت كۆز قارىشىنى تەتقىق قىلىش ئۇيغۇر ئەدەبى-

ياتىنىڭ نەزەرىيىۋى سىستېمىسىنى تىكلەشتە ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئالدى بىلەن ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ (يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئەدەبىيات - سەنئەت دېگەن ئاتالغۇنى ئىشلەتمىسىمۇ، ئەدەبىيات - سەنئەت دېگەن ئۇقۇمنى شائىر سۆزى، شائىر تىلى دېگەن سۆز بىلەن ئىپادىلەيدۇ) ئىجتىمائىي رولىنى ئېنىق ئوتتۇرىغا قويىدۇ. يۈسۈپ خاس ھاجىپ كىتابىنىڭ نامى ھەققىدە توختىلىپ مۇنداق دەيدۇ:

ئەسلى: كىتاب ئاتى ئۇردۇم قۇتادغۇبىلىك
قۇتاتسۇ ئوقىغلىقا تۇتسۇ ئەلىگ

350 كىتاب نامى قويدۇم قۇتادغۇ بىلىك،
قۇتاتسۇن ئوقۇغۇچىغا تۇتسۇن ئىلىگ.

روشەنكى، يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئەدەبىيات - سەنئەتنى «ئىنسانغا يول كۆرسەتكۈچى»، «بەخت - سائادەت بەرگۈچى بىلىم» دەپ قارايدۇ، شۇڭا كىتابخانلارغا خىتاب قىلىپ:

ئەسلى: سەۋىنچىن يورىغلى ئاي ئەدگۈ يىگىت
سۆزۈمنى ياۋا قىلما كۆڭلۈڭ ئەشت

359 خۇشاللىقتا يۈرگەن ئەي ياخشى يىگىت،
سۆزۈمنى زايا قىلما ئوبدان ئىشىت.

قاتىغلان ياڭىلما كونىلىك يولىن،
يىگىتلىك ياۋا قىلما ئاسغىن ئالىن.

360 تىرىش توغرا يولدىن ئاداشما ھامان،
يىگىتلىك كەتمىسۇن بىكار، پايدىلان!

دەپ يازىدۇ.

ئەدەبىيات ـ سەنئەت «يول كۆرسەتكۈچى» رولىنى قانداق ئۆتەيدۇ؟

ئەسلى: باسا كەلدى شائىر بۇ سۆز تەرگۈچى
كىشىگە ئۆگگۈچىلەر يەمە يەرگۈچى

4392 كېلۇر ئەمدى شائىر، بۇ سۆز تەرگۈچى
كىشىلەرنى ماختاپ ۋە ھەم سۆككۈچى،

... ...

تەڭىزكە كىرۇر كۆرسە كۆڭلۈن تۈكەل
گۆھەر يىنجۇ ياقۇت چىقارۇر مەسەل

4395 كۆرەرسەن، دېڭىزغا كىرۇر كىشىدەك،
گۆھەر، ئىنجۇ، ياقۇت چىقارۇر، دېمەك.

روشەنكى، يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئەدەبىيات ـ سەنئەتتە شائىر تۇرمۇشقا چۆكۈپ، تىل ۋاسىتىسى ئارقىلىق كىشىلەرنىڭ مۇناسىۋىتىدىكى ياخشىلىقنى ماختاپ، يامانلىقنى سۆكىدۇ؛ كىشىلەرگە گۆھەر، ئىنجۇ، ياقۇت تەقدىم قىلىدۇ؛ شۇ ئۇسۇل بىلەن كىشىلەرگە يول كۆرسىتىدۇ، دەپ قارايدۇ. ھازىرقى تىل بىلەن ئېيتقاندا، يازغۇچى تۇرمۇشقا چۆكۈپ، ياخشىلىق ۋە يامانلىقتىن ئىبارەت زىددىيەتلەرنى كۆزىتىدۇ، تەھلىل قىلىدۇ ۋە ئۇنى ئومۇملاشتۇرىدۇ، تىپىكلەشتۈرىدۇ. مەدھىيىلەش ۋە پاش قىلىش ئۇسۇلـ

نى قولىنىپ، دۆلەت تەقدىرىگە، خەلق مەنپەئەتىگە ئېھتىياج-
لىق بولغان مەسىلىلەرگە جاۋاب بېرىدۇ، شۇ ئارقىلىق كىشى-
لەرگە يول كۆرسىتىدۇ، دېگەندىن ئىبارەت. بۇ ئەدەبىيات -
سەنئەت ۋە ئۇنىڭ ئىجتىمائىي رولىغا نىسبەتەن ساددا ما-
تېرىيالىستىك كۆز قاراش بولۇپ، بۇ قاراش يۈسۈپ خاس
ھاجىپنىڭ بىر پۈتۈن ئىجادىيىتىگە يېتەكچىلىك قىلغان.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ ئىچكى
قانۇنىيىتىنى ۋە ئۇنىڭ ئىجتىمائىي رولىنى توغرا چۈشەنگەن-
لىكى ئۈچۈن قارا خانىيلار دەۋرىدىكى (بۇ — قاراخانىيلار خاقانى
تاۋغاچ بۇغراقاراخان ئەبۇئەلى ھەسەن دەۋرى) تۇرمۇش دېڭىزىغا
چوڭقۇر چۆكۈپ، دۆلەتنى قانداق باشقۇرۇشتىن ئىبارەت بۇ
تۈپ مەسىلىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ۋە ئۇنىڭ يوللىرىنى كۆرسى-
تىپ، شۇ دەۋر ئۈچۈن گۆھەر، ئىنچۈ، ياقۇت تەقدىم قىلدى.
نېمە ئۈچۈن بۇ مەسىلە يۈسۈپ خاس ھاجىپ ياشىغان قارا-
خانىيلار دەۋرىدىكى ئىجتىمائىي تۇرمۇش ئۈچۈن گۆھەر، ئىن-
چۈ، ياقۇت بولۇپ قالدى؟

سۇلتان سۇتۇق بۇغراخاندىن باشلانغان قاراخانىيلار
ھاكىمىيىتى ئۇزۇن بىر مەزگىلگىچە سىياسىي جەھەتتىن بىر
قەدەر تىنچ مۇھىتتا كۆچكەن، پەن - مەدەنىيەت گۈللەنگەن
ھەر ساھەدە بىلىم ئىگىلىرى كۆپلەپ يېتىلىۋاتقان «ئالتۇن
دەۋر»نى بېشىدىن ئۆتكۈزگەن بولسىمۇ، لېكىن قاراخانىيلار
دەۋرى ھەسەن بىننى سۇلايمان ئارسلانخان ھاكىمىيىتىگە كەل-
گەندە چۈشكۈنلىشىش، يىمىرىلىش يولىغا قاراپ ماڭدى، ھە-
سەن ئارسلانخان ئۆزىگە قاراشلىق يەر - زېمىننى پەرزەنت-

لىرىگە بۆلۈپ بەردى. ئۇلار ئۆزئارا ئىچكى ئۇرۇش ئېلىپ بېرىپ، پۇقرالارغا خالىغانچە ئالۋاڭ - سېلىق سالدى، ئەيش-ئىشرەت سۈرىدىغان، دۆلەت خەزىنىسىنى بۇزۇپ - چاچىدىغان ئىشلار كۆپەيدى. نەتىجىدە سىنىپىي زىددىيەت ۋە ھۆكۈمران گۇرۇھنىڭ ئىچكى زىددىيىتى كۈچەيدى، دۆلەتنىڭ، خانىنىڭ نوپۇزى كۈندىن - كۈنگە تۆۋەنلەپ كەتتى.

شائىر «قۇتادغۇبىلىك» ئەسىرىدە ئەينى ۋاقىتتىكى رې-ئاللىقنى جانلىق سۈرەتلەپ مۇنداق يازىدۇ:

ئەسلى: قايۇسى كۆتۈرمىش بولۇر كۈچ ئەرىنچ
قايۇسى چىغايلىق بىلە يەر ساقىنچ

5242 بىرى چەككەچ زۇلۇم، بەختى قارادۇر،
بىرى يوقلۇق غېمىدە بىنەۋادۇر.

قايۇ ئاچ قايۇسى يالىڭىمىش بولۇر
قايۇ قادغۇ بىرلە ئۇلىنمىش بولۇر

5243 بىرى ئاچ، ئۇ بىرى يالىڭاچ يۈرۈر،
بىرى قايغۇ غەمدە پىغانلار چېكۇر.

......

قالى قىلماسا سەن ئەمى يا ئوتى
بودۇنقا بولۇر سان تىرىگلىك يوتى

5245 بىرىپ دورا - داۋاسىن قىلمىساڭ گەر،
سېنىڭدىن بۇ خەلققە پالاكەت كېلەر.

......

ئەسلى: ئۇ ساندا ئۇ سانسا بۇ بەگلىك باردىر
ئۇ سايۇق ئىككىگۈن ئاژۇندا ئـــۇلىر

5259 غاپىل بولما، بولساڭ بۇ بەگلىك كېتەر،
ھەر ئىككى جاھاندا غاپىل ئاھ چېكەر.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئۆزى ياشاپ تۇرغان رېئال ھاياتنى پادىشاھقا ھېسداشلىق قىلىش، قاراخانىيلار ھاكىمىيىتىنىڭ يىمىرىلىشكە قاراپ يۈزلەنگەنلىكىگە ئېچىنىش مەيدانىدا تۇرۇپ پاش قىلغان بولسىمۇ، لېكىن ھەسەن بۇغراخان دەۋرىدىكى سىنىپىي زىددىيەتنى چىنلىق بىلەن ئىنكاس قىلغان.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئۆزى ياشاپ تۇرغان دەۋردە ھەسەن بۇغراخان ھاكىمىيىتىنى كۈچەيتىش، ئۇنىڭ گۈمران بولۇشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش، ھەممىدىن ئېشىپ چۈشىدىغان جىددىي مەسىلە، دۆلەتنى باشقۇرۇش، دۆلەتنى تۈزەش جەھەتتە جەمئىيەتكە گۆھەر، ئىنجۇ، ياقۇت تەقدىم قىلىش شائىرنىڭ (ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ) ئەڭ مۇھىم ۋەزىپىسى، دەپ قارىغان. دۆلەتنى قانداق باشقۇرۇش مەسىلىسىدە ئەدەبىيات - سەنئەت ئارقىلىق يول كۆرسەتمەكچى بولغان.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئالدى بىلەن پادىشاھقا «كۈن تۇغدى» دەپ نام قويۇپ، پادىشاھ ئاغزىدىن دۆلەتنى:

ئەسلى: توغار كۈن ئارىغ يا ئارىغسىز تەمەز
قامۇغقا يارۇقلۇق بەررۈر ئەكسۈمەز

831 توغار كۈن ئېرىغ يا ئېرىغسىز دېمەس،
ئومۇمغا يورۇقلۇق بېرەر كېمەيمەس.

مەنىڭ مە قىلىنچىم بۇ ئول بەلگۈلۈگ
تۆزۈكە تەگىر بارچا مەندىن ئۈلۈگ

832 مېنىڭمۇ قىلىقىم مۇشۇنداق بولۇش،
مېنىڭدىن جىمىگە تېگەر تەڭ ئۈلۈش.

دەپ، دۆلەت ھەممىگە تەڭ نۇر تۆككۈچى قۇياش، ھەممىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان قورال بولۇشى كېرەك، دەيدۇ.

دۆلەتنى ئەنە شۇنداق قورالغا ئايلاندۇرۇش ئۈچۈن دۆلەتنى قانۇن بىلەن باشقۇرۇشنى ئالاھىدە تەكىتلەش بىلەن بىرلىكتە:

ئەسلى: كەرەك ئوغلۇم ئەرسە ياقىن ياياغۇق
كەرەك بارقىن ئەرسە كەچىكلى قونۇق

817 كېرەك ئوغلۇم ئولسۇن، يېقىن تۇغقىنىم،
يولۇچى، ئۆتكۈنچى، بىرەر قونىقىم.

تۆرۈدە ئىككۈ ماڭا بىر سانى،
كەسەردە ئادىن بولماغاي ئول دەنى.

818 ماڭا تەڭ ئىككىسى قانۇن ئالدىدا،
بۆلەكچە بولماسەن ھۆكۈم ۋاقتىدا.

دەپ، قانۇن ئالدىدا ھەممە ئادەم باراۋەر، دېگەن ئاجايىپ شانلىق دېموكراتىك ئىدىيىنى ئالغا سۈرىدۇ.

مەلۇمكى، قانۇن دۆلەت تەرىپىدىن تۈزۈلىدىغان ۋە يۈرگۈزۈلىدىغان تۈرلۈك ھەرىكەت قائىدىلىرىنىڭ يىغىندىسى. ھۆكۈمران سىنىپلار ئىرادىسىنىڭ مەركەزلىك ئىپادىسى، قانۇن ھۆكۈمران سىنىپلارنىڭ مۇئەييەن ئىقتىسادىي مۇناسىۋەتتىكى مەنپەئەتى ۋە ئارزۇسىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. سىنىپ ۋە سىنىپىي ھۆكۈمرانلىق مەۋجۇت جەمئىيەتتە، قانۇن ئالدىدا ھەممە ئادەم باراۋەر بولۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇش مۇمكىن ئەمەس، لېكىن فېئوداللىق زۇلۇم ئەۋجىگە چىققان، سىنىپىي زىددىيەت ئۆتكۈرلەشكەن ئەينى شارائىتتا، قانۇن ئالدىدا ھەممە ئادەم باراۋەر دېگەن ئىدىيىنى ئالغا سۈرۈش خەلق ئاممىسىنىڭ دېموكراتىك ئىدىيىسىنى، تارىخ تەرەققىياتىنىڭ ئومۇمىي يۈزلىنىشىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. بۇ يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ئىنسانپەرۋەرلىك روھىنىڭ، خەلقپەرۋەرلىك كۆز قارىشىنىڭ روشەن بەلگىسى.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ «قۇتادغۇبىلىك» ئەسىرىدە يەنە ئەخلاق ئارقىلىق جەمئىيەتتىكى ھەرقايسى سىنىپ، ھەرقايسى قاتلاملار ئوتتۇرىسىدىكى ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتنى تەڭشەپ، كىشىلەرنىڭ ھەرىكىتىنى ياخشىلىق بىلەن يامانلىق، ھەققانىيەتلىك بىلەن ھەققانىيەتسىزلىك، ئادىل بولۇش بىلەن يان بېسىش، سادىقلىق بىلەن ساختىلىق قاتارلىق ئەخلاقىي

ئۆلچەملەر بىلەن باھالاپ ۋە كونترول قىلىپ، ئەخلاقنىڭ ئىجتىمائىي رولى ئارقىلىق دۆلەت قانۇنىنى تېخىمۇ تولۇقلاپ، دۆلەت ھاكىمىيىتىنى مۇستەھكەملەشنى كۆپ تەرەپلىمە تەكىتلەيدۇ. يۈسۈپ خاس ھاجىپ قانۇن بىلەن ئەخلاق بىر - بىرى بىلەن پەرقلىق بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ دۆلەت ھاكىمىيىتىنى مۇستەھكەملەشتە كەم بولسا بولمايدىغان ئىككى چوڭ قورال ئىكەنلىكىنى قانۇن بىلەن ئەخلاقنىڭ بىر - بىرىنى تولۇقلاشتا، بىر - بىرىگە ماسلىشىش خۇسۇسىيىتىنى؛ دۆلەت ھاكىمىيىتىنى مۇستەھكەملەشتە ئەخلاقنىڭ قانۇنغا قارىغاندا تېخىمۇ كەڭ، تېخىمۇ ئۈنۈملۈك رول ئوينايدىغانلىقىنى چوڭقۇر چۈشەنگەن. شۇڭا، «قۇتادغۇبىلىك» ئەسىرىگە ياخشىلىق بىلەن يامانلىق، ئادالەت بىلەن ئادالەتسىزلىك، شەرەپ بىلەن نومۇسنى مۇھىم مەزمۇن قىلغان ئەخلاق كۆز قارىشى باشتىن - ئاخىر بىر قىزىل يىپ بولۇپ سىڭگەن. شائىر:

ئەسلى:

ئاپاڭ ئەدگۈ بولسا بۇ بەگلەر ئۆزۈن
بايۇر بۇدنى بارچا كۆر ئەتلۈر ئاژۇن

ئۆزى ياخشى بولسا بۇ بەگلەر ئەگەر، 895
بېيىپ ھەممە خەلقى، جاھان تۈزۈلەر.

كۆڭۈلنىڭ ئۆزە بولدى بەلگىلىك ئۇلى
بۇ بەلگىلىك كۆكى ئول كۆڭۈلنىڭ يولى

821 ئادالەت ئۈستىدە بۇ بەگلىك ئۇلى،
بۇ بەگلىك ئاساسى ئادالەت يولى.

بودۇن قوي سانى ئول بەگى قويچىسى
باغىرساق كەرەك قويقا قوي كۈتچىسى

1412 خەلق قوي كەبىدۇر، بېگىدۇر چوپان،
چوپان بولماق كېرەك قويغا مېھرىبان.

دەپ، بىر تەرەپتىن، پادىشاھ ۋە ئەمەلدارلارنىڭ خەلققە نىسبەتەن ئادىل بولۇشىنى، زالىملىق، زوراۋانلىق قىلماسلىقىنى تەلەپ قىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن، خەلق ئاممىسىنىڭمۇ پادىشاھ ۋە ئەمەلدارلارغا نىسبەتەن:

ئەسلى: باغىرساق تاپۇغچى كۆر ئۆزكەي بولۇر
بۇ ئۆزكەي تاپۇغچى بەگىن باي قىلۇر

2767 كۆيۈمچان خىزمەتچى ۋاپالىق بولۇر،
ۋاپالىق خىزمەتچى بېگىن باي قىلۇر،

ئۇقۇشلۇغ ۋە فالىغ كىشى تۈزۈنى
يولۇغلار كىشىكە قامۇغ ئۆزىنى

2875 ئەقىللىق، ۋاپالىق ئەر ئېسىل ئېرۇر،
كىشىلەر ئۈچۈن ئۇ جان پىدا قىلۇر.

بوش ئازاد كىشى بارچە ئەدگۈ قۇلى
سەن ئەدگۈ قىلۇ ئاچ كۆڭۈلنىڭ يولى

2307 ئازاد ــ ھۆر كىشىلەر ياخشىلىق قۇلى،
قىلىپ ياخشىلىق ئاچ دۇرۇسلۇق يولى.

دېگەندەك، سەممىي، سادىق، ۋاپادار بولۇشنى، ياخشى ئىش قىلىشنى ئۈمىد قىلىدۇ. شۇنداق بولغاندا دۆلەت ھاكىمىيىتى مۇستەھكەملىنىدۇ، روناق تاپىدۇ، دەپ قارايدۇ.

ئەخلاق مەسىلىسىدە لېنىن مۇنداق دېگەنىدى: «نەچچە 100 يىلدىن بۇيان كىشىلەرگە مەلۇم بولۇپ كەلگەن، نەچچە 1000 يىلدىن بۇيانقى بارلىق تەمسىللەردە تەكرارلىنىپ كەلگەن ئەقەللىي جامائەت پرىنسىپلىرى مەۋجۇت ئىدى» («دۆلەت ۋە ئىنقىلاب» دېگەن ئەسىرىگە قارالسۇن). يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئۇيغۇر خەلقىنىڭ تارىخىدا ساقلىنىپ كەلگەن جامائەت پرىنسىپلىرىنى، گۈزەل ئەخلاقىي پەزىلەتلىرىنى پەلسەپە سەۋىيىسىگە كۆتۈرۈپ خۇلاسىلەيدۇ. شائىرنىڭ ئەسىرىدە مەردلىك ــ سېخىيلىق مەدھىيىلىنىپ، بېخىللىق ــ ئاچكۆزلۈك سۆكۈلۈپ، كەمتەرلىك ــ كىچىك پېئىللىق مەدھىيىلىنىپ، مەغرۇرلۇق ــ تەكەببۇرلۇقنىڭ ئىللەتلىرى كۆرسىتىلىپ ئۇلارغا نەپرەت ئوقۇلىدۇ، كەڭ قورساقلىق، سەۋرچانلىق، قانائەتچانلىق مەدھىيىلىنىپ، ئىچى تارلىق، ھەسەتخورلۇق، غەيۋەت ــ شىكايەت سۆكۈلىدۇ. كىشىلەرنىڭ دىلى بىلەن تىلى، ئىچى بىلەن تېشى ئوخشاش بولۇشنى، ئوچۇق ــ يورۇق بولۇشنى تەشەببۇس قىلىدۇ. ۋاپا ــ ساداقەت، ياخشىلىق مەدھىيىلىنىپ، ۋاپالىق كىشى-

گە يامانلىق قىلىش ئەيىبلىنىدۇ. غەيرەت - قەھرىمانلىق، باتۇرلۇق مەدھىيىلىنىپ، قورقاقلىق كەمسىتىلىدۇ. ياخشى پەزىلەت بىلەن نام قالدۇرۇش، ھايالىق بولۇش، ئاتا - ئانىلارنى، چوڭلارنى ھۆرمەت قىلىش قاتارلىق ياخشى ئەخلاقىي پەزىلەتلەر تەرغىپ قىلىنىدۇ. يۈسۈپ خاس ھاجىپ گۈزەل ئەخلاقىي پەزىلەت، ئەقەللىي جامائەت پىرىنسىپلىرى ئارقىلىق ئۆزى ياشاۋاتقان جەمئىيەتتىكى كىشىلەرنىڭ ئىجتىمائىي مۇناسىۋىتىنى تەڭشەپ قاراخانىيلار ھاكىمىيىتىنى قوغداش ۋە مۇستەھكەملەشنى نىيەت قىلىدۇ، لېكىن ئەڭ مۇھىمى، ئۇ ئۇيغۇر خەلقى ئىچىدە ئورتاق بولغان جامائەت پىرىنسىپلىرىنى، ئەقەللىي پەزىلەتلەرنى شېئىرىي تىل بىلەن خۇلاسىلەپ ۋە ئۇنى بېيىتىپ، كېيىنكى ئەۋلادلار ئۈچۈن ئىنجۇ، ياقۇت، مەنىۋى بايلىق يارىتىپ بەردى. بۇ يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ بىر ئۇلۇغ تۆھپىسى.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ بۇ ئەسىردە يەنە دۆلەتنى ئىلىم -پەن بىلەن باشقۇرۇش، ئىلىم - پەن بىلەن گۈللەندۈرۈشنى ئالاھىدە تەكىتلەيدۇ.

ئەسلى: ئوقۇش قايدا بولسا ئۇلۇغلۇق بولۇر
بىلىك كىمدە بولسا بەدۆكلۈك ئالۇر

154 ئەقىل قايدا بولسا، ئۇلۇغلۇق بولۇر،
بىلىم كىمدە بولسا، بۈيۈكلۈك تاپۇر.

كىمدە ئوقۇش بولسا ئەسلى بولۇر
قايۇدا بىلىك بولسا بەگلىك بولۇر

301 ئەقىل كىمدە بولسا، بولۇر ئۇ ئېسىل،
بىلىم كىمدە بولسا، بولۇر خان ئۇ، بىل.

بىلىكسىزگە دۆۋلەت كەلۇر ئەرسە قۇت
بودۇن بارچا بۇزلۇر بولۇر ئەلكەيۇت

1780 بىلىمسىزگە كەلسە دۆلەت بىلەن قۇت،
پۈتۈن خەلق بۇزۇلۇر، بولۇر ئەلگە جۇت.

ئوقۇشلۇققا تەگسە ئادىن بەگلىكى
ئەلىن ئىنچىكە تەگرۈر بۇ بىر سۆزگە پۈت

1781 ئەقىللىققا تەگسە بىر ئەل بەگلىكى،
بېرەر ئەلگە ھۇزۇر، مۇشۇ سۆزگە پۈت.

ئىلىم - پەن بىلەن دۆلەت باشقۇرۇش ۋە گۈللەندۈرۈش مەسىلىسىدە يۈسۈپ خاس ھاجىپ يالغۇز پادىشاھ، ۋەزىر، ئەلچى قاتارلىق ئەمەلدارلارنىلا بىلىم ئەھلىگە ئايلاندۇرۇشتىن سىرت، پۈتۈن جەمئىيەت ئەزالىرىنى بىلىملىك قىلىش، خەلق ئىچىدە مەدەنىي ئاقارتىش ئىشلىرىنى ئېلىپ بېرىش، دۆلەتنى ياخشى باشقۇرۇشنىڭ ئۈنۈملۈك يولى، دەپ قارايدۇ. شۇڭا:

ئەسلى: بىلىك بىرلە يازلۇر قاموغ تەرس تۈگۈن
بىلىك بىل ئۇقۇش ئۇق تىرىلگىل ئۆگۈن

3168 بىلىملە يېشىلگەي پۈتۈن تەس تۈگۈن،
بىلىم بىل، ئەقىل ئۇق، ئاڭلىق ياشىغىن.

بىلىك ئىشكە تۇتغىل تاقى تىل كۆنى
تاقى ئۆگرەنۇ تۇر ئۇسانما بۇ كۈن

3169 بىلىم بىرلە ئىش قىل، تىلىك تۇغرا تۇت،
ئۆگەن سەن، بىكارغا ئۆتمىسۇن بۇ كۈن.

دەپ، كىشىلەرنى ئۆگىنىشكە، بىلىم ئېلىشقا دەۋەت قىلىدۇ.

ئوتتۇرا ئەسىر فېئودال جاھالەتچىلىكى، بولۇپمۇ ئىسلام دىنى ۋە ئۇنىڭ قائىدە - يوسۇنلىرى ھۆكۈمرانلىق ئـورۇندا تۇرۇۋاتقان قاراخانىيلار دەۋرىدە دۆلەتنى ئىلىم - پەن بىلەن بـاشقۇرۇش، ئىلىم - پەن بىلەن گۈللەندۈرۈش تەشەببۇسىنى ئوتتۇرىغا قويۇش جەمئىيەت تەرەققىياتىغا ئۇيغۇن ئىلغار ئىدىيە بولۇپ، بۇ يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ئۇلۇغ مـەرىپەتپەرۋەر ۋە يىراقنى كۆرەر مۇتەپـەككۇر ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ.

ئالاھىدە ئەھمىيەتكە ئىگە بىر مەسىلە شـۇكى، يۈسۈپ خاس ھاجىپ بىر ئادىل قانۇن تۈزۈلسە، بۇ قـانۇن ئالدىدا ھەممە ئادەم باراۋەر بولسا، گۈزەل ئەخلاق قانات يېيىپ، كىـشىلەر ئوتتۇرىسىدا يېڭىچە مۇناسىۋەت تىكلەنسە، ھـەممە ئا-دەم ئـەقىللىق، بىلىملىك بولسا، «بۆرە بىلەن قـوزا قېتىـلىپ يـۈرىدىغان» بىر غايىۋى دۇنيا مەيدانـغا كېلىدۇ، دەپ، ئۆزىنىڭ گۈزەل غايىسىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. «قوزابىلەن بۆرە قېتىلىپ ياشايدىغان» مۇنداق غايىۋى دۆلەتنىڭ مەيدانغا چىقىشى ئوتتۇرا ئەسىر فېئودال تۈزۈم شارائىتىدا بىر خىل ساپ خىـيالىي خاراكتېرىنى ئالغان. ماركس ۋە ئېنگېلـس «كوممۇنىسـتىك پارتىيە خىتابنامىسى» دە مـۇنداق دېگەنىدى: «كەلگۈسى

جەمئىيەتنى بۇنداق خىيالىي سۈرەتلەش پرولېتارىيات تېخى بەكمۇ تەرەققىي قىلمىغان، شۇ سەۋەبتىن ئۆزىنىڭ ئورنىنى تېخى خام خىيال بىلەن چۈشىنىۋاتقان چاغلاردا (پرولېتارىياتنىڭ جەمئىيەتنى ئومۇمىيۈزلۈك ئۆزگەرتىش توغرىسىدىكى دەسلەپكى) تەبىئىي ئىنتىلىشىدىن چىققان ئارزۇسىغا ئۇيغۇن كېلىدۇ.» يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ بۇ خىيالىي تەسەۋۋۇرى گەرچە ئەينى ۋاقىتتىكى سىنىپىي زىددىيەتنىڭ ئۆتكۈرلەشكەنلىكىنىڭ، شۇنداقلا سىنىپىي كېلىشتۈرمەچىلىكنىڭ مەھسۇلى بولسىمۇ، لېكىن بۇ خىل تەسەۋۋۇر دېھقانلار ۋە قول ھۈنەرۋەنلەرنىڭ دۆلەتكە بولغان ئارزۇ - ئۈمىدىنى ئەكس ئەتتۈردى. كىشىلەردە فېئودال مۇستەبىت تۈزۈمىنىڭ مەڭگۈلۈكلىكىگە نىسبەتەن گۇمان پەيدا قىلدى. خەلق ئاممىسىنىڭ ئېڭىنى ئويغىتىش ئۈچۈن قىممەتلىك مەنىۋى بايلىق بولدى. ئۇلارنىڭ زۇلۇمغا قارشى ئېلىپ بارغان كۈرەشلىرىگە مەدەت ۋە ئىلھام بەردى. بۇنداق غايىۋىي دۆلەت قۇرۇش ئىدىيىسى ئەينى ۋاقىتتا زور ئىلغارلىق بولۇپ، شائىرنىڭ مەرىپەتپەرۋەرلىك مەۋقەسىنى تولۇق گەۋدىلەندۈرۈپ بېرىدۇ.

شائىر تۇرمۇش دېڭىزى ئىچىدىكى ئىنجۇ، ياقۇتنى ئۆزىنىڭ ئارزۇ - تىلەكلىرىنى قانداق ئىپادىلەيدۇ؟

ئەسلى: قىلىچتا يېتىگرەك بۇلارنىڭ تىلى
يانا قىلدا يىنچكە بۇ خاتىر يولى

4393 قىلىچتىن ئىتتىكرەك بۇلارنىڭ تىلى،
قىلدىنمۇ نازۇكراق تەپەككۇر يولى.

پاتىغ يىنچكە سۆزلەر ئۇقايىن تەسە
بۇلاردىن ئەشىت سۆز ئوقۇلغاي باسا

4394 نەپىس ھەم تىرەن سۆز دېسەڭ ئوقايىن،
بۇلاردىن ئىشىتكىن، ئوقۇلۇر كېيىن.

ئولار ئۆگسەلەر ئۆگدى ئەلگە بارىر
قالى سۆكسەلەر ئاتى ئارتاپ قالىر

4396 ئۇلار ماختىسا، ئەلگە تارار شۇ پېتى،
ئەگەر سۆكسە كىمنى،سېسىيدۇ ئېتى.

ناھايىتى ئېنىقكى، يۈسۈپ خاس ھاجىپ شائىر تۈپ ئىدىيىسى ۋە ئارزۇ - ئۈمىدىنى قۇرۇقتىن - قۇرۇق ئەمەس، بەلكى تىل ۋاستىسى ئارقىلىق نازۇك تەپەككۇر ئۇسۇلى (ھازىرقى تىل بىلەن ئېيتقاندا ئوبرازلىق تەپەككۇر ئۇسۇلى)-نى قوللىنىپ ئەجابىي ۋە سەلبىي ئوبرازدىن ئىبارەت خىلمۇ خىل ئوبراز يارىتىپ، ئۈلگە تىكلەيدۇ، بۇ ئۈلگىلەر كىشىلەر قەلبىدە ئۈن - تىنسىز، ئاستا - ئاستا تەسىر كۆرسىتىدۇ، شۇنداق قىلغاندىلا ئەسەر كىشىلەرگە يول كۆرسەتكۈچلۈك رول ئوينايدۇ، دەپ قارايدۇ. يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئەدەبىيات - سەنئەت ئىجادىيىتىنىڭ ئوبيېكتىپ قانۇنىنى توغرا ئىگىلەپ، «قۇتادغۇبىلىك» ئەسىرىدە كۈنتۇغدى ئىلىك (خان)، ئايتولدى (ۋەزىر)، ئۆگدۈلمىش (خان ئوغلى)، ئودغۇرمىش (ئالىم) دىن ئىبارەت تۆت سىمۋوللۇق پېرسوناژ ئوبرازىنى

يارىتىدۇ، ئەنە شۇ پېرسوناژ ئوبرازى ئارقىلىق شۇ زامان كىشىلىرىگە ئۆلگە تىكلەپ، بەخت - سائادەت يولىنى كۆرسەتمەكچى بولىدۇ.

سۆزۈم ئۇشبۇ تۆت نەرسە ئۈستىدەدۇر،
ئوقۇساڭ دىققەتلە، مەنا ئاچىلۇر.

دەپ، ئاشۇ تۆت پېرسوناژغا يازغۇچىنىڭ مەقسىتى، ئارزۇ - ئۈمىدى سىڭدۈرۈلگەنلىكىنى كىتابخانلارغا ئالاھىدە تەۋسىيە قىلىدۇ.

بۇ تۆت پېرسوناژ بىر - بىرىدىن پەرق قىلىدىغان، بىر - بىرىنى تولۇقلايدىغان ئۆزگىچە ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە ھەم رېئال، ھەم غايىبىي شەخسلەردىن ئىبارەت. بۇ تۆت پېرسوناژ ئوبرازىدىن شائىرنىڭ ئۆتكۈر رېئالىست ھەم رومانتىك شائىر ئىكەنلىكىنى ئېنىق كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

كۈنتۇغدى ئىلىك ئوبرازى بىلەن ئۆگدۈلمىش ئوبرازى ئادىل پادىشاھ ئوبرازى سۈپىتىدە مەيدانغا چىقىدۇ. لېكىن بۇ ئىككى ئوبراز خاراكتېر خۇسۇسىيەتلىرى جەھەتتىن پەرق قىلىدۇ. كۈنتۇغدى ئىلىك خۇددى شائىر تەسۋىرلىگەندەك تەدبىرلىك، زېرەك، قابىل پادىشاھ بولۇپ، قانۇن بىلەن دۆلەت باشقۇرۇپ شۆھرەت قازانغانىدى، لېكىن، ئودغۇرمىش «جاھان يىغقىنىڭدىن نە پايدا بولۇر» دەپ ئېيتقاندەك، ئۇ خەلققە زۇلۇم سالىدۇ، مال - دۇنياغا بېرىلىدۇ، پەزىلەت جەھەتتىنمۇ ئىنتايىن مەغرۇر. ئەمدى شائىر قەلبىدىكى ئۆگ-

دۇلمىش ئوبرازى تېخىمۇ ئادىل، تېخىمۇ غايىبى پادىشاھ سۈ-
پىتىدە مەيدانغا چىقىدۇ. جاسارەت، ئەقىل - پاراسەت قاتار-
لىق ئىنسانلاردا بولۇشقا تېگىشلىك بولغان بارلىق ئېسىل
پەزىلەتلەر بۇ ئوبرازغا يېغىنچاقلانغان. شائىر بۇ ئوبرازنى
ئادىل پادىشاھلارنىڭ نەمۇنىسى قىلىپ تەسۋىرلەيدۇ. مۇشۇنداق
پادىشاھ بولسا دۆلەت بىر قۇياشقا ئايلىنىپ ھەممىگە تەڭ نۇر
چاچالايدۇ، بۆرە بىلەن قوزا بىللە ئوتلاپ يايرايدىغان زامان
كېلىدۇ، دەپ ھېسابلايدۇ. ئايتولدى ئوبرازى بىر مۇكەممەل
پاك ئەمەلدار ئوبرازى سۈپىتىدە مەيدانغا چىقىدۇ. ئۇ بىر
ئالىم، ئەڭ مۇھىمى، توغرا نىيەتلىك، كىچىك پېئىل، مېھرى-
بان، ھەسەت، غەيۋەت، ھاۋايى - ھەۋەستىن خالى بولغان پاك،
ساپ ئەمەلدار، ئادىل قانۇننىڭ ئىجراچىسى، گۈزەل ئەخلاق-
نىڭ تەرغىباتچىسى، بىلىم تارقاتقۇچىسى باغۋەن. ئايتولدى
ئوبرازىنى دەل شائىرنىڭ ئۆزىنىڭ ئوبرازى دەپ قاراش
مۇمكىن. ئودغۇرمىش ئوبرازى ئىنسانپەرۋەر ئالىم سۈپىتىدە مەي-
دانغا چىقىدۇ. ئۇ ئاما ئىچىدە ياشايدۇ. جەمئىيەتنى چوڭقۇر
كۆزىتىدۇ، مەنسەپتىن تامايى يوق، پادىشاھ، ئەمەلدارلارنىڭ،
جەمئىيەتنىڭ ئىللەتلىرىنى قاتتىق سۆكىدۇ، ئىسلاھاتچىلىق
غايىلىرىنى پادىشاھقا دادىل ھالدا بايان قىلىدۇ ۋە ئۇنى
مەرىپەتكە، ئادالەتكە، خەلقپەرۋەرلىككە ئۈندەيدۇ. ئەسەر-
دىكى ئودغۇرمىشنىڭ تىلى ۋە نۇقتىئىنەزەرلىرى شائىرنىڭ تىلى
بولۇپ، ھەم ئەقىل كۆرسەتكۈچى، ھەم سۆككۈچى رولىنى ئوي-
نايدۇ. ئايتولدى پادىشاھقا كۆپرەك ئوردا خادىملىرى بىلەن
قانداق مۇئامىلە قىلىش توغرىسىدا مەسلىھەت بەرسە، ئودغۇر-
مىش ئالىملار، شائىرلار، دېھقانلار، چارۋىچىلار، ھۈنەرۋەنلەر

ۋە پۇقرالار بىلەن قانداق مۇئامىلە قىلىش، ئۇلارنىڭ ھالىغا يېتىش، ئۇلارغا ئادالەت ۋە شەپقەت يەتكۈزۈش توغرىسىدا نەسىھەت قىلىدۇ. ئودغۇرمىش شائىرنىڭ خەلقپەرۋەرلىك، ئىنسانپەرۋەرلىك روھىنىڭ ئوبرازلىق كۆرۈنۈشى دەپ قاراش مۇمكىن.

شائىر بۇ تۆت پېرسوناژنى بىر ـ بىرىنى ھىمايە قىلىدىغان، بىر ـ بىرىنىڭ ئارتۇقچىلىقىنى ئۆگىنىپ، كەم جايلىرىنى تولدۇرىدىغان ئىنسانىي پەزىلەتكە تولغان ئالىيجاناب جاھان پەرىشتىلىرى، ئاشۇنداق ئادىل پادىشاھ، پاك ئەمەلدار، بىلىملىك، پەزىلەتلىك ئەربابلار بىلەن جاھان تۈزىلىدۇ، دۆلەت گۈللىنىدۇ، بۆرە بىلەن قوزا بىللە ئوتلايدىغان ۋەزىيەت شەكىللىنىدۇ، دەپ ھېسابلايدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ شائىرنى تۇرمۇش دېڭىزى ئىچىدىن گۆھەر، ئىنچۇ، ياقۇت تەرگۈچى ئوبراز ئارقىلىق ھاياتقا يول كۆرسەتكۈچى دەپ قارىغانلىقى ئۈچۈن شائىرغا نىسبەتەن تولىمۇ يۇقىرى تەلەپ قويىدۇ. شائىرنى ئالىم، مۇتەپەككۇر، پەيلاسوپ، تەجرىبە توپلىغۇچى، پەزىلەت ئىگىسى دەپ باھالايدۇ. «قۇتادغۇبىلىك» داستانىدا تەپەككۇر جەۋھەرلىرىنى، پەلسەپىۋى، نازۇك پىكىرلەرنى كۆپىنچە شائىرنىڭ تىلى ئارقىلىق بېرىدۇ، شۇڭا يۈسۈپ خاس ھاجىپ شائىرنىڭ ھەر تەرەپلىمە تەربىيىلىنىشى، چېنىقىشىنى تەلەپ قىلىدۇ.

« قۇتادغۇبىلىك » قەدىمكى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىيات تارىخىدىكى پارلاق نامايەندە بولۇپلا قالماي، شائىر يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئۆزى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا شائىر، يازغۇچىلارغا

نىسبەتەن بىر شانلىق ئۆلگە. يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئۆز زامانىسىدىكى تىبابەت، جۇغراپىيە، ماتېماتىكا، ئاسترونومىيە قاتارلىق تەبىئىي پەن بىلىملىرىنىڭ قانۇنشۇناسلىق، پەلسەپە، تارىخ قاتارلىق ئىجتىمائىي پەن بىلىملىرىنىڭ ئەڭ ياخشى نەتىجىلىرىنى ئۆزىگە سىڭدۈرگەن، بولۇپمۇ ئۇيغۇر تارىخىنى، ئۇيغۇر ئېغىز ئەدەبىياتى ۋە كىلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ ياخشى ئەنئەنىلىرىنى، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ ئۆزىگە خاس بەدىئىي ئىپادىلەش ئۇسۇللىرىنى، ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ ھەر خىل شەكىللىرىنى پۇختا ئىگىلىگەن. ئۇيغۇر تىلىنىڭ ساپلىقىنى قوغدىغان، ئۇنىڭ گۈزەللىكىنى نامايان قىلغان، ئۆزىگە خاس ئۇسلۇب يارىتىپ، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا يېڭى دەۋر ئاچقان. ئەڭ مۇھىمى، شائىر ئۇيغۇرلارنىڭ ئەڭ ئېسىل پەزىلەتلىرىنى ئۆزىگە سىڭدۈرگەن بىر ئۇلۇغ ھاجىپ؛ شائىرنىڭ ئەسىرىدە، ئۇنىڭ ياراتقان پېرسوناژلىرىدا ئىنسانىيەتنىڭ ئەخلاقىي گۈزەللىكى جەۋلان قىلىنىدۇ. شائىرنىڭ ئەسىرى دەل شائىرنىڭ ئۆزى. ئەنە شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن شائىر خەلقىمىز تارىخىدا ئەۋلادتىن - ئەۋلادقا ئۇلۇغ ئۇستاز سۈپىتىدە خاتىرىلىنىپ كەلمەكتە.

3

يولداش ماۋ زېدۇڭ «يەنئەن ئەدەبىيات - سەنئەت سۆھبەت يىغىنىدا سۆزلەنگەن نۇتۇق» تا: «بىز بارلىق ئەدەبىيات - سەنئەت مىراسلىرىغا ۋارىسلىق قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى پايدىلىق نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى تەنقىدىي

ھالدا قوبۇل قىلىپ، ئۇنى ئۆز زامان، ئۆز ماكانىمىزدىكى خەلق تۇرمۇشىدىن ئېلىنغان ئەدەبىيات - سەنئەت خام ئەشيالىرىدىن ئەسەر يارىتىشتا ئەينەك قىلىشىمىز لازىم»،— دېگەنىدى. يۈسۈپ خاس ھاجىپ XI ئەسىردە ئۆتكەن ئۇلۇغ تارىخىي شەخس. دەۋر ۋە سىنىپىي چەكلىمە تۈپەيلىدىن، ئۇنىڭ دۇنيا قارىشىدا، بولۇپمۇ خەلق ئاممىسىغا تۇتقان پوزىتسىيىسىدە نۇرغۇن يېتىشسىزلىكلەر، نۇقسانلار بولسىمۇ، لېكىن ئۇ جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ مەدەنىيەت خەزىنىسىگە «قۇتادغۇبىلىك» تىن ئىبارەت بۇ قىممەتلىك مىراسنى قالدۇرۇپ كەتتى. شائىرنىڭ «قۇتادغۇبىلىك» ئەسىرى ۋە ئۇنىڭدا ئىپادىلەنگەن ئىلغار ئەدەبىيات - سەنئەت كۆز قاراشلىرى زامانىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات - سەنئىتىنى گۈللەندۈرۈشتە بىر مۇھىم ئەينەك.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ «قۇتادغۇبىلىك» داستانىدا ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ ھاياتنى ئوبراز ئىچىدە پەلسەپە نۇقتىسىدىن دۇنيا قاراش يۈكسەكلىكى بىلەن باھالايدىغان، خۇلاسىلەيدىغان بۇ ئېسىل ئەنئەنىنى تېخىمۇ تەرەققىي قىلدۇردى ۋە بېيىتتى. ئۈلگە خاراكتېرلىك باي ئىجادىيەت تەجرىبىلىرىنى يارىتىپ، شۇ دەۋر ئەدەبىياتىغىلا ئەمەس، كېيىنكى دەۋر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا، ھەتتا ئۇيغۇر مۇزىكىلىرىغىمۇ چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتتى.

ئەدەبىيات - سەنئەت ئەسەرلىرىنى بىر پۈتۈن سىستېما دەپ قارىغاندا، ئۇنىڭ شەكلى، تۈرى خىلمۇ خىل بولىدۇ، لېكىن ئۇنىڭ مەزمۇنىنىڭ چوڭقۇر - تېيىزلىقى، كىشىگە بېرىدىغان تەسىرىنىڭ كۈچلۈك - ئاجىزلىقى، ھاياتىي كۈچ-

نىڭ ئۇزۇن ياكى قىسقا بولۇشى جەھەتلەردە بىر - بىرى-
دىن پەرق قىلىدۇ. ئەدەبىي ئەسەرلەرنىڭ مەزمۇنىنىڭ چوڭ-
قۇرلۇق دەرىجىسى كۆپىنچە ئاجايىپ قىزىقارلىق، ئاجايىپ
نازۇك، مەزمۇنلۇق، چوڭقۇر پىكىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويالىشى،
كىشىلىك تۇرمۇش تەجرىبىلىرىنى پەلسەپە سەۋىيىسىگە، دۇنيا
قاراش سەۋىيىسىگە كۆتۈرۈپ يىغىنچاقلىشى ۋە ئۇنى جانلىق
ئىپادىلەش بىلەن ئۆلچىنىدۇ. ئەنە شۇنداق ئىدىيىۋى چوڭ-
قۇرلۇققا ئىگە بولغان بەدىئىي ئەسەرنىڭ كىشىگە بېرىدى-
غان تەربىيىۋى رولى تېخىمۇ چوڭ بولىدۇ. دەۋر، زامانلار-
نىڭ ئۆتۈشى بىلەنمۇ ھاياتىي كۈچىنى ساقلاپ قالىدۇ.
«قۇتادغۇبىلىك» ئەنە شۇنداق ئەسەر.
بۇ ئەسەردىكى،

ئەسلى: قادىڭ تەگ بودۇم ئەردى ئوق تەگ كۆنى تۈز
ياتەگ ئەگرى بولدى ئەگىلدىم تۆگىتتىم

6532 قېيىندەك بويۇم ئەردى، ئوقتەك دۇرۇس - تۈز،
بولۇپ ئەگرى يادەك ئېگىلدىم، ئېگىشتىم.

بىلىك بىل ئۆزۈڭگە ئورۇن قىل تۆرە
بىلىك بىلسە ئۆزكە ئەدى بەرك تۈزا

6605 بىلىم بىل، ئۆزۈك بول تۆردە ئولتۇرا.
بىلىمدۇر كىشىگە ئۇ مەھكەم تۇرا.

# مەڭگۈ خاتىرىلەشكە ئەرزىيدىغان ئادەم

(خەلق مۇقامچىسى تۇردىئاخۇن ئاكا تۇغۇلغانلىقىنىڭ
100 يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن)

ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ناخشا - ئۇسسۇل ۋە مۇزىكا سەنئىـ
تىنىڭ قامۇسى بولغان «12 مۇقام» يالغۇز ئۇيغۇر كلاسسىك
سەنئىتىدىلا ئەمەس، بەلكى شەرق مۇزىكا سەنئىتىدىمۇ تارىخىي
ئەھمىيەتكە ئىگە ئۇلۇغ ئىجادىيەت. بۇ قىممەتلىك تارىخىي
مىراس «ئۇيغۇر مىللىي مۇزىكىسىنىڭ ئانىسى» سۈپىتىدە 1000
يىلدىن كۆپرەك ۋاقىتتىن بۇيان دەۋردىن دەۋرگە، نەـ
سىلدىن نەسىلگە داۋاملىشىپ كەلدى ۋە كەلمەكتە.

تۇردىئاخۇن ئاكا بۇ باي مەدەنىي مىراسنى بىزنىڭ
دەۋرىمىزگىچە ساقلاپ كەلگەن ۋە «12 مۇقام» نى سوتسىياـ
لىستىك دەۋرىمىز ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇشنىڭ ئاساسىنى ياـ
راتقان خەلق سەنئەتكارى.

تۇردىئاخۇن ئاكا 1880 - يىلى قەشقەر يېڭىسار ناـ
ھىيىسىدە بىر كەمبەغەل سازەندە ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلدى.
ئۇ 75 يىل ئۆمۈر كۆرۈپ 1956 - يىل 9 - ئاينىڭ 8 -
كۈنى قەشقەردە ۋاپات بولدى. ئۇنىڭ دادىسى تەۋەككۇلئاـ

خۇن جەنۇبىي شىنجاڭ بويىچە مەشھۇر مۇقامچى ئىدى. تۇردىئاخۇن 12 يېشىدىن باشلاپ مۇقام ئۆگىنىشكە باشلىدى. ئۇ دادىسىنىڭ تەربىيىسى ئارقىسىدا جاپاغا چىداپ ئۆگىنىپ 20 ياشقا كەلگەندە «12 مۇقام» نى تولۇق ئۆگىنىپ بولدى. شۇندىن باشلاپ قەشقەر، يەكەن، خوتەن قاتارلىق جايلاردا 50 يىل مۇقام ئېيتىش بىلەن شۇغۇللىنىپ، كەڭ خەلق ئاممىسىنى قىزغىن سۆيىدىغان ۋە قەدىرلەيدىغان خەلق مۇقامچىسىغا ئايلاندى. تۇردىئاخۇن ئاكا ھەر قايسى جايلارنىڭ سەنئەت ئالاھىدىلىكىنى، دادىسى ۋە ئۇنىڭدىن بۇرۇن ئۆتكەن مۇقامچىلارنىڭ مۇقام ئېيتىش ئۇسلۇبىنى پۇختا ئۆگەنگەن. ئۇ مۇقامنى پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن بېرىلىپ چېلىش، ھەر بىر مۇقامنىڭ، ھەر بىر نەغمىنىڭ مەزمۇنىنى، خۇسۇسىيىتىنى تولۇق ئىپادىلەش، خەلق قەلبىنى ئۆزىگە تارتىش، مۇقام پۇرىقىنى تولۇق چىقىرىش قاتارلىق جەھەتلەردە ئۆزىگە خاس ئۇسلۇب ياراتتى.

ئازادلىقتىن كېيىن مۇقامنىڭ يېڭى ھاياتى باشلاندى. تۇردىئاخۇن ئاكىنىڭمۇ يېڭى ھاياتى باشلاندى.

1951 - يىلى ۋە 1952 - يىلى ئۈرۈمچىگە تەكلىپ قىلىنىپ «12 مۇقام»نى رەتلەش خىزمىتىگە قاتناشتۇرۇلدى. ئۇ چەكسىز قىزغىنلىقى ۋە پىداكارانە ئەمگەك روھى بىلەن «12 مۇقام»نى لېنتىغا ئالدۇردى. بۇنىڭ بىلەن تۇردىئاخۇن ئاكا «12 مۇقام»دىن ئىبارەت بۇ باي ۋە قىممەتلىك مەدەنىي مىراسنىڭ ساقلىنىپ قېلىشىغا زور تۆھپە قوشتى.

دەۋرىمىزگىچە ساقلىنىپ قالغان «12 مۇقام» تۇردىئاخۇن ئاكا نامى بىلەن چەمبەرچەس باغلانغان.

«مۇقام» سۆزى — «ئورۇن»، «دەرىجە»، «دائىرە» دېگەن مەنىدە بولۇپ، مۇزىكىدا مۇقام ئاتالغۇسى مەلۇم دەرىجىدە يۈرۈشلەشتۈرۈلگەن مۇزىكىلىق ئەسەر دېگەن ئۇقۇمنى بىلدۈرىدۇ.

مۇقام سۆزى — خەلق قوشاقلىرىدا ئاشۇ خىل مەزمۇندا ئىشلىتىلىپ كەلگەن. «12 مۇقام» دېگەن بەلگىلىك سەۋىيىگە يەتكەن. ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىك بىلەن بەلگىلىك دائىرە ئىچىدە يۈرۈشلەشتۈرۈلگەن، سىستېمىلاشتۇرۇلغان چوڭ ھەجىمدىكى 12 پارچە مۇزىكىلىق ئەسەر دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. تۇردىئاخۇن ئاكا بىزگە ئەنە شۇنداق قىممەتلىك بايلىقنى قالدۇرۇپ كەتتى. تۇردىئاخۇن ئاكا لېنتىغا بەرگەن «12 مۇقام» بىر قەدەر تولۇق بولۇپ، ئۇلارنىڭ نامى، مەنىسى، ھەجمى تۆۋەندىكىچە:

(1) راك مۇقامى (ئازادلىق تىلەش) مەنىسىدە 23 نەغمە؛ (2) چەببىيات مۇقامى (گۈزەللىكنى سېغىنىش) 23 نەغمە؛ (3) مۇشاۋرەك مۇقامى (چىنلىق، توغرىلىق) 31 نەغمە؛ (4) چارىگاھ مۇقامى (مەنزىرىلىك ئورۇن) 18 نەغمە؛ (5) پەنجىگاھ مۇقامى (ئۇلۇغلۇق، يۈكسەكلىك) 28 نەغمە؛ (6) ئۆزھال مۇقامى (ھال - مۈلك) 29 نەغمە؛ (7) ئەجەم مۇقامى (جاي نامى) 17 نەغمە؛(8) ئوشاق مۇقامى (ئاشىق توغرىسىدا) 23 نەغمە؛ (9) بايات مۇقامى (ئەسلەش) 19 نەغمە؛ (10) ناۋا مۇقامى (كۈچ - قۇۋۋەت) 21 نەغمە، (11) سىگاھ مۇقامى (ئويغىنىش) ئالتە نەغمە؛ (12) ئىراق مۇقامى (دەريا قىرغىقى) سەككىز نەغمە، ئۇنىڭدىن باشقا «12 مۇقام» نىڭ تەركىبىگە ئۆز سىستېمىسى بويىچە كىرگۈزۈلمىگەن، لېكىن «12

مۇقام» تەركىبىي قىسمى بولغان «ئابۇچەشمە» مۇقامىنى قوشقاندا (ئابۇ چەشمە — كۆز ياش بۇلاقلىرى، دېگەن مەنىدە بولۇپ، 20 نەغمە) جەمئىي 266 نەغمىدىن ئىبارەت، ئەگەر «12 مۇقام» نى باشتىن - ئاخىر ئۇلاپ چېلىش توغرا كەلسە 24 سائەت كېتىدۇ.

ھەر بىر مۇقام ئاساسەن تۆۋەندىكى ئۈچ قىسىمدىن تەركىب تاپقان؛

1. **چوڭ نەغمە.** بۇ قىسىم توققۇزدىن ئونغىچە بولغان بىر - بىرىگە ئوخشاشمايدىغان ناخشا ۋە مەرغۇللارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۇ، چوڭقۇر ھېسسىيات ۋە گۈزەل بەدىئىيلىككە ئىگە بىر قانچە مۇقەددىمىلەر، ناخشا - ئاھاڭلار ئارقىلىق مۇزىكىنىڭ تۈپ پىكرىنى ئېچىشتىن باشلاپ تۆت ياكى ئۈچ ئودارلىق تەزىگە كۆچىدۇ، كەيپىيات تېخىمۇ يۇقىرى ئەۋجىگە كۆتۈرۈلۈپ، ئاخىردا گەۋدىلىك، تېتىك تېمىلارغا ئىگە ئاھاڭلار بىلەن ئاياغلىشىدۇ.

2. **داستان.** بۇ ئۈچتىن ئالتىگىچە بايان خاراكتېرلىك ناخشىلاردىن تەركىب تاپقان. ھەر بىر ناخشىنىڭ كەينىدىن بىردىن مەرغۇل كېلىدۇ. مەرغۇل لىرىك تۇيغۇنىڭ خۇلاسىسى ۋە چۈشۈرگىسى.

3. **مەشرەپ** بۇ قىسىم ئۈچتىن ئالتىگىچە بولغان بىر - بىرىگە ئوخشاشمايدىغان ئۇسسۇللۇق ناخشىدىن تەركىب تاپقان. ئۇ، ئالدى بىلەن سالماق باشلىنىپ، كېيىن ئىككىنچى ياكى ئۈچىنچى مەشرەپكە كەلگەندە يۇقىرى ئەۋجىگە كۆتۈرۈلۈپ قىزغىن كەيپىياتتا ئاخىرلىشىدۇ.

«12 مۇقام» چوڭقۇر ئىجتىمائىي مەزمۇنغا ئىگە لىرىك ئەسەر، «12 مۇقام»دىكى ھەر بىر مىسرا مۇزىكا، ناخشا ۋە نازۇك ئۇسسۇل ھەرىكەتلىرى ئىچىدە خەلق ئاممىسىنىڭ چوڭقۇر ئىدىيىۋى ھېسسىياتى، ئارزۇ - ئارمانلىرى يوشۇرۇنغان. قايسىبىر مۇقامنى ئۆز سىستېمىسى بويىچە چېلىپ، تۈگىتىپ، پەدە يۆتكىگەندە، ساتار، تەمبۇر، دۇتار، قالۇنلارنىڭ تارىدىن، داپ ساداسىدىن يېقىملىق، جاراڭلىق ئاھاڭلار ئاڭلىنىپ، كىشىلەرنىڭ يۈرەك بېغىشلىرىنى تىترىتىپ ئۇزاق ئۆتمۇش دەۋرنىڭ (ئەسىرنىڭ) زۇلمەتلىك كىشەنلىرىنى، كونا جەمئىيەتنىڭ نالە - پىغانلىرىنى، مۇڭ - زارلىرىنى ھېكايە قىلىدۇ. شۇنىڭدەك، خەلق ئاممىسىنىڭ تارىختىكى زالىم، ۋاڭ - بەگلەرنىڭ زوراۋانلىقىغا قارشى كۆرەش يالقۇنى بىلەن قەھرىمانلىق روھىنى، تاڭغا، بەختىيار زامانغا بولغان ئىنتىلىشىنى سۈرەتلەپ بېرىدۇ. ئۇ خەلق ئاممىسىنىڭ ئىدىيىۋى ھېسسىياتى، ئارزۇ - ئارمانلىرىنىڭ مۇزىكا ئوبرازى، شېئىرىي ئوبرازى ۋە ئۇسسۇل ئوبرازى ئىچىدىكى ئىنكاسى.

«12 مۇقام» ئىچىدىكى «غېرىب - سەنەم»، «تاھىر - زۆھرە» قاتارلىق خەلق داستانلىرىدا خەلق ئاممىسىنىڭ فېئودallıق ئادالەتسىز نىكاھ تۈزۈمىگە قارشى ئېلىپ بارغان كۆرىشى، ئەركىنلىك، دېموكراتىيە تەلىپى روشەن ئەكس ئەتكەن. بۇ داستانلاردىكى خەلق قەھرىمانلىرى «قاباپەلەك» (فېئودال ھاكىمدارلار)، «قارا باتۇرلار» (ئەركىنلىك، دېموكراتىيە دۈشمەنلىرى) ئۈستىدىن غەلىبە قازىنىدۇ. بۇ قەھرىمانلارنىڭ بەزىلىرى ئۆز ھاياتىدا ئارمانغا يەتسە، بەزىلىرى تىراگېدىيە-

لىنىڭ تەقدىرگە يولۇققان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ قەبرىسىدىن قىزىلگۈل ئۈنىدۇ. «قارا باتۇرلار» قەبرىسىدىن تېكەن ئۈنىدۇ. خەلق غايىسىدە چوقۇم غەلىبە قىلىدۇ. ئوپتىمىستىك روھ بىلەن تولغان بۇ داستانلار جاراڭلىق، جۇشقۇن ئاھاڭلار بىلەن قوشۇلۇپ كىشىلەرگە ئىلھام ۋە مەدەت بېغىشلايدۇ. «12 مۇقام» مەزمۇنىدا ۋەتەنپەرۋەرلىك روھ چاقناپ تۇرىدۇ، شۇڭا، «12 مۇقام» تارىختىن بۇيان چەت ئەل تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى كۆرەشنىڭ كۈچلۈك تەشۋىقات - تەرغىبات قورالى سۈپىتىدە خىزمەت قىلىپ كەلدى.

تاڭ سۇلالىسىنىڭ باشلىرىدا ئەرەب تاجاۋۇزچىلىرىدىن تارقىتىش نىقابى بىلەن ئېلىمىزگە تاجاۋۇز قىلغاندا شائىر ۋە مۇقامچى قىدىرخاننىڭ:

قىلىچ - نەيزە ئۇرۇلماقتا تۈمەننىڭ كەمبەغەل جانىغا،
تۆكۈلگەن لەختە قانلارنى تېگىشتى بىر مۇسۇلمانىغا.
جاھاننى قەتلە ئەتمەككە سېتىپ قوللارنى سۇلتانىغا،
دىيارىمنى خاراب قىلدى، چېچىپ دىۋارنى ھەر يانغا،
ئېگىلمەسكە قەسەم قىلدۇق ئەرەبلەردەك شەھىدانغا.

دېگەن «تېگىشلىگەن قان» ناملىق مۇخەممەس «چەبىيات» مۇقامىنىڭ شۇ چاغدىكى ئۇسلۇبىغا ماسلاشتۇرۇپ ئېيتىلىپ، خەلقنىڭ چەت ئەل تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى ۋەتەنپەرۋەرلىك روھى ئىپادىلەنگەن.

1871 - يىلىدىن 1881 - يىلىغىچە چاررۇسىيە تاجاۋۇزچىلىرى ئېلىمىزگە تاجاۋۇز قىلىپ كىرىپ، ئىلى خەلقىنى كۆچۈپ كېتىشكە مەجبۇر قىلغاندا ۋەتەنپەرۋەر ئۇيغۇر ئەمگەكچىلىرى چاررۇسىيىنىڭ قوراللىق بېسىمىدىن قورقماستىن «ئۆزھال» مۇ-

قامىنىڭ بەزى ئاھاڭلىرىغا «كۆچ - كۆچ» ناخشىسىنى سېلىپ ئوقۇپ، مۇستەملىكىچىلىككە ۋە مەجبۇرىي كۆچۈرۈشكە قارشىلىق بىلدۈرگەن. مەسىلەن،

ئاق پادىشاھ لەشكىرى،
ئالتۇن كولاپ تاش كەستى.
دېھقانلارنى كۆچ - كۆچ دەپ،
قىلىچ بىلەن باش كەستى.
ئالمۇتىغا كۆچ دەيدۇ،
بارار يېرىمىز قۇملۇق.
راست گېپىنى قىلمايدۇ،
كۆزى كۆك، بېشى يۇڭلۇق.

مانا بۇ ناخشىلار ئۇيغۇر خەلقىنىڭ چارروسسىيە تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى ئېلىپ بارغان كۈرەشلىرىنىڭ ئوبرازلىق دەستۇرى.

«12 مۇقام» نىڭ چوڭقۇر مەزمۇندارلىقى شۇ يەردىكى، ئۇنىڭدا ئىجتىمائىي ھايات، خەلق ئاممىسىنىڭ كۈرەشچان روھى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن بولۇپلا قالماي، ئەمگەكچى خەلق ئاممىسىنىڭ گۈزەل ئەخلاقىي پەزىلىتى، كېيىنكى ئەۋلادلارغا قالدۇرغان ۋەسىيەتنامىلىرى جانلىق ئەكس ئەتكەن.
مەسىلەن،

ئېيتەيغىن سىرىڭنى سەن، ھەر كىمگە سىرداش ئۆزگىدۇر،
دەردى يوق بىدەردكە مۇڭ ئېيتما، مۇڭداش ئۆزگىدۇر.
ھەمرى قابىل بىرلە يۈر، بىر غېرىچ بولسىمۇ يول.
يۈرمىگىل، نائەھلى بىرلە يولدا يولداش ئۆزگىدۇر.
(«پەنجىگاھ» مۇقامى ئىككىنچى مەشرەپىدىن)

«12 مۇقام» نىڭ دەۋرىدىن بۇيان خەلق ئاممىسىنىڭ

ئورتاق ھېس — تۇيغۇسىنى قوزغاپ كېلىۋاتقان ئالاھىدىلىكى شۇكى، ئۇنىڭدىكى ناخشا — مۇزىكىلارنىڭ ھەممىسىدە نالە — پىغان، غەزەپ — نەپرەتتىن باشقا خەلق ئاممىسىنىڭ ئەڭ يۈكسەك ئارزۇ — ئارمىنى، ئالغا ئىنتىلىش روھى ئىنتايىن يارقىن ئەكس ئەتكەن.

مەسىلەن، تۆۋەندىكى پارچىگە نەزەر سېلىپ كۆرەيلى:

كۆڭۈل چەكسىز دېڭىزدىكى زېمىننى تەڭشىگەي ئاخىر،
گۇمان دەرياسىدا ئۈزمە كۆرۈپ بۇ قەبرىگاھلىقنى.
نىگارىم ئىزلىگەي كاككۇك تېپىشقاي سۈبھى گۈلزاردا،
ھامان باغلاپ ئېلىگە ئۇ مۇھەببەت ئاشنالىقنى.

(«چارىگاھ» مۇقامىنىڭ باشلىنىشى)

بۇ خىل ئۈمىدۋارلىق پۈتۈن مۇقام مەزمۇنىغا سىڭگەن، شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ «12 مۇقام» خەلق ئاممىسىنىڭ مەنىۋى ئوزۇقى سۈپىتىدە دەۋردىن دەۋرگە، نەسىلدىن نەسىلگە داۋاملىشىپ كەلدى ۋە كەلمەكتە.

تۇردىئاخۇن ئاكا «12 مۇقام» مەزمۇنىدىكى ئورتاقلىقنى، ھەر بىر مۇقام مەزمۇنىدىكى ئالاھىدىلىكنى، ھەر بىر مۇقامـدىكى ئوخشاشمىغان كەيپىياتنى پۇختا ئىگىلەپ، ئۆزىنىڭ چوڭـقۇر ھېسسىياتى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، «12 مۇقام» نى بىزنىڭ كۆز ئالدىمىزدا نامايان قىلدى. بۇنىڭ ئۆزىلا تەڭداشسىز ئۇلۇغ ئىجادىيەت.

«12 مۇقام» — ئۇيغۇر خەلقىنىڭ كۆپ ئەسىردىن بۇـيانقى خەلق ناخشىلىرى، ئەلنەغمىلىرى، داستانلىرى، مۇزىكا ئەسۋابلىرى، يازما ئەدەبىياتى (ئاساسەن شېئىر) تەرەققىياـتىنىڭ مۇقەررەر نەتىجىسى. خەلق ئاممىسىنىڭ قايناق ھاياتى،

نورۇز بايرىمى، قارلىق ئويۇنى، سەيلە، مەشرەپ، توي - تۆكۈن قاتارلىق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ ئېتنوگراپىك شەكىللىرى «12 مۇقام» نىڭ كۆرەك سەھنىسى بولۇپ، ئۇيغۇر خەلق ناخشىلىرىنىڭ ھەر بىرى بىر پۈتۈن تولۇق مەزمۇنغا ۋە ئاھاڭغا ئىگە. رىتىم، ۋەزىنلەرنىڭ ئوخشىماسلىقى ۋە ھەر خىل نەقراتلار ئارقىلىق بىر - بىرىدىن پەرقلىنىپ تۇرىدۇ. جۈملىدىن، ھەر قايسى جايلارنىڭ خەلق ناخشىلىرى يۈرۈشلەشتۈرۈلگەن ۋە گۇرۇپپىلاشقان. «12 مۇقام» ئەنە شۇ خەلق ناخشىلىرىنىڭ پايانسىز دېڭىز ئىچىدە راۋاجلانغان ۋە سىستېمىلاشتۇرۇلغان. مەسىلەن، «چەبىيات سەنىمى»، «خوتەن سەنىمى» ناملىق سەنەملەردىن ئۆستۈرۈلگەن.

«12 مۇقام» شەكىللىنىشتىن بۇرۇنلا خەلق ئىچىدە «غېرىب - سەنەم»، «تاھىر - زۆھرە»، «يۈسۈپ - ئەخمەت»، «ھۆرلىقا - ھەمراجان»، «شەمشى - قەمەر» قاتارلىق داستانلار كەڭ تارقالغان. بۇ داستانلار مۇزىكىلىق ئەسەر بولۇپ، ھەر بىر داستان مۇزىكىلىرى ئۆزىگە خاس ئۇسلۇبقا ئىگە. خەلق داستانلىرىدىن ئىبارەت بۇ زور بايلىق «12 مۇقام» نىڭ شەكىللىنىشىگە ۋە سىستېمىلىشىشىغا زور تۈرتكە بولدى.

«12 مۇقام» نىڭ شەكىللىنىش ۋە راۋاجلىنىشىدا كلاسسىك شائىرلار ۋە ئۇلارنىڭ غەزەللىرىنىڭ رولىمۇ چوڭ بولدى. «12 مۇقام» ئاھاڭدارىغا قارىغاندا خەلق ناخشا - ئاھاڭلىرىنىڭ رىتىمى، ۋەزنى 12 مۇقامنىڭ مۇرەككەپ ۋەزنىگە ئۇيغۇنلىشالمايدۇ، شۇڭا، «12 مۇقام» تېكىستىگە كلاسسىك شائىرلارنىڭ مۇرەككەپ ۋەزىنلىك بىر پۈتۈن مەزمۇننى ئىپادىلەيدىغان غەزەللىرى كىرگۈزۈلگەن. بۇ يەردە شۇ نەرسە ئا-

لاھىدە خاراكتېرلىككى، مۇقام ئىچىگە تاللىۋېلىنغان كلاسسىك شائىرلارنىڭ شېئىرلىرى، قول يازمىلىرى مۇقامچىلار ئارقىلىق خەلق ئىچىگە تارقالغان. خەلقنىڭ ئوقۇش، ئاڭلاش سىنىقىدىن ئۆتكەن. مەسىلەن، «راك مۇقامى» نىڭ مەشرىپىگە سېلىنغان ناۋايىنىڭ:

بىر كۆرۈپ ھەسرەتتە قالدىم ئول پەرى رۇخسارىنى،
ئىككى كۆرسەم دەپ تىلەيمەن كۆزلىرى خۇمارىنى.
ئۈچ كۆرۈشكەندە سالۇرلەر ئاي يۈزىگە خالىنى،
تۆت كۆرۈشكەندە سالۇرلەر خەنجىرى تەييارىنى.

دېگەن شېئىرى خەلق سۆيۈپ ئوقۇيدىغان ناخشىغا ئايلانغان.

تۇردىئاخۇن ئاكا ھەر قايسى جايلارنىڭ خەلق ناخشىلىرىنى، خەلق داستانلىرىنى پۇختا ئۆگەنگەن. نۇرغۇن كلاسسىك شائىرلارنىڭ شېئىرلىرىنى يادلىغان. ئاشۇ بايلىقلار ئىچىدىن گۆھەر تاللاپ، مۇقام مەزمۇنىنى ئاچقان ۋە بېيىتقان. شۇنداق ئېيتىشقا ھەقلىقمىزكى، تۇردىئاخۇن ئاكا ئۆزىدىن بۇرۇن ئۆتكەن مۇقامچىلارغا ئوخشاش ئۆز دەۋرىنىڭ ئاتاقلىق مۇقامچىسى، قوشاقچىسى ۋە شائىرىدۇر.

«12 مۇقام» نىڭ شەكىللىنىشى، راۋاجلىنىشى ۋە ئۇنىڭ خەلق ئىچىدە كەڭ تارقىلىشىدا خەلق ئىچىدىن چىققان مۇقامچىلارنىڭ رولىنى تۆۋەن مۆلچەرلەشكە بولمايدۇ. مۇقامچىلار خەلق ئىجادىيىتىنىڭ جەۋھىرىنى ئۆزىگە سىڭدۈرگەن بولۇپ، ئۇلار خەلق ئاممىسى بىلەن قەلبداش، تەقدىرداش ھەم خەلقنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت پائالىيىتىنى تەشكىللىگۈچى ۋە خەلق ئىجادىيىتىنى يارىتقۇچى بولۇپ خىزمەت قىلىدۇ. ئۇلار بىر - بىرلەپ تەدرىجى، تارىخىي يوسۇندا مەيدانغا چىققان مۇقام-

يازغۇچى زوردۇن سابىرنىڭ «ئىجادىيەت ۋە تۇرمۇش» دېگەن ماقالىسى ئېلان قىلىنىپ تىپىك پېرسوناژ ئوبرازىنى يارىتىش توغرىسىدا قىممەتلىك پىكىرلەر ئوتتۇرىغا قويۇلدى. بۇ بىر ياخشى باشلىنىش، لېكىن، ئايرىم يازغۇچىلار تىپىك پېرسوناژ ئوبرازىنى يارىتىشنىڭ قانۇنىيىتىنى ئىگىلەپ يەتمىگەنلىكى ئۈچۈن ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرىدە پېرسوناژ ئوبرازى بىر-بىرىدىن پەرقلەنمەيدۇ. جانلىق خاراكتېر يوق، نەزەرىيە جەھەتتىمۇ تىپىك پېرسوناژ ئوبرازى مەسىلىسىدە بەزى مۇجمەل قاراشلارمۇ يوق ئەمەس، شۇڭا، تىپىك پېرسوناژ ئوبرازى مەسىلىسىنى ئىجادىيەت ۋە نەزەرىيە جەھەتتىن يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن هالدا تەتقىق قىلىش ئىنتايىن مۇھىم دەپ قارايمەن.

## 1

ئەدەبىيات — سەنئەتتىكى تىپ ئاتالغۇسى — تىپىك پېرسوناژ، تىپىك شارائىت، تىپىك سيۇژېت، تىپىك ئېپىزوت، تىپىك كۆرۈنۈش قاتارلىق كۆپ تەرەپلىمە مەزمۇننى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، لېكىن، ئەدەبىياتنىڭ يادروسى ئادەم بولغىنى ئۈچۈن تىپىك ئوبراز مەسىلىسى كۆپ هاللاردا تىپىك پېرسوناژغا قارىتىلغان. تىپىك پېرسوناژ ئوبرازى پەقەت رومان، پوۋېست قاتارلىق چوڭ تىپتىكى ژانىرلاردىلا ئەمەس، بەلكى بەزى هېكايىلەردىمۇ تىپىك ئوبراز يارىتىلىدۇ. مەسىلەن، چېخوۋنىڭ «غىلاپ بەندىسى» هېكايىسىدىكى بىلكو، لۇشۈننىڭ «كۇڭ يىجى» هېكايىسىدىكى كۇڭ يىجى، زۇنۇن قادىرىنىڭ «چېنىقىش» هېكايىسىدىكى مەتنىياز... تىپىك ئوبرازلاردۇر. بەزى چاغلاردا ئەسەردىكى ئاساسىي قەهرىمانلار ئىچىدە ئەمەس،

بەلكى ياندىش پېرسوناژلار ئىچىدىمۇ كۈتۈلمىگەن يەردىن تىپىك ئوبراز يارىتىلىدۇ. مەسىلەن، ھازىرقى زامان خەنزۇ يازغۇچىسى لۇ شۈنىڭ «سىنىپ مۇدىرى» ھېكايىسىدىكى شيې خۇيمىن ئوبرازى ئەنە شۇنداق تىپىك ئوبراز.

تىپىك ئوبراز يارىتىش ھەقىقەتەن مۇشەققەتلىك مەنىۋى ئەمگەك. بەزى يازغۇچىلار ئۆمۈر بويى ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىپ بىرمۇ تىپىك پېرسوناژ ئوبرازى يارىتالمايدۇ. بەزى يازغۇچىلارنىڭ ئىجاد قىلغان ئەسىرى ئاز بولسىمۇ، بىر ياكى بىر قانچە تىپىك پېرسوناژ ئوبرازى يارىتىپ، ئەدەبىيات تارىخىدىن مۇھىم ئورۇن ئالىدۇ. بەزى يازغۇچىلار پەقەت بىرلا تىپىك پېرسوناژ ئوبرازىنى ياراتسا، بەزى يازغۇچىلار بىر قانچە تىپىك پېرسوناژ ئوبرازىنى يارىتىدۇ. تىپىك پېرسوناژ ئوبرازى بىرەر تەنقىدچىنىڭ باھالىشى بىلەنلا ئەمەس بەلكى پۈتۈن جەمئىيەتنىڭ ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشىپ تارىخ سىنىقىدىن ئۆتۈشى كېرەك. دونكىخوت، ھاملېت، ئوتېللو، گراندى، ئوبلوموۋ، ئانناكارېنىنا، نالا، ۋۇسۇڭ، سۇڭجياڭ، جۇگېلياڭ، سۈن ۋۇكۇڭ، لىن دەييۈ، ئاQ... قاتارلىق تىپىك ئوبرازلار، دۇنياغا مەشھۇر تىپىك ئوبرازلاردۇر.

تىپىك پېرسوناژ ئوبرازىغا قويۇلىدىغان تەلەپ ھەقىقەتەن يۇقىرى، نەزەرىيە جەھەتتىن ئومۇملاشتۇرۇپ چۈشەندۈرۈشمۇ ئاسان ئەمەس لېكىن ئۇتۇقلۇق چىققان تىپىك پېرسوناژلارنىڭ خۇسۇسىيىتىگە ئاساسەن تىپىك پېرسوناژ ئوبرازىنى ئالاھىدە باي، روشەن، ئۆزىگە خاس خاراكتېرگە ئىگە مۇئەييەن تارىخىي باسقۇچتىكى ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ بەزى ماھىيەتلىك تەرەپلىرىنى ۋە ئۇنىڭ مۇقەررەر قانۇنىيەتلىرىنى

ئەكس ئەتتۈرگەن پېرسوناژ ئوبرازى دەپ چۈشەندۈرۈش مۇمكىن.

تىپىك پېرسوناژ ئوبرازى جەزمەن ئالاھىدە، باي ۋە روشەن ئىندىۋىدۇئال خاراكتېرگە ئىگە بولۇشى لازىم.

ئەدەبىيات — تۇرمۇشنىڭ ئىنكاسى، لېكىن ئەدەبىيات تۇرمۇشنى ئىنكاس قىلغاندا ئومۇمىيلىق ئارقىلىق ئايرىملىقنى ئەمەس، بەلكى ئايرىملىق ئارقىلىق ئومۇمىيلىقنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. ئومۇمىيلىق دېگەنلىك — ئورتاقلىق ياكى قانۇنىيەت دېگەن ئۇقۇم بىلەن بىر مەنىدە بولۇپ، ئەدەبىيات باشقا ئىلىم - پەنگە ئوخشاش ئابستراكت شەكىل ئارقىلىق ئومۇمىيلىقنى ئىپادىلىمەيدۇ، بەلكى يازغۇچى تەسۋىرلەۋاتقان مۇئەييەن يەككە، جانلىق، كونكرېت پېرسوناژ ئوبرازى ئارقىلىق ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ بەزى ماھىيىتىنى ۋە قانۇنىيىتىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ.

ئېنگېلس: «ھەر بىر ئادەم بىر تىپ، لېكىن شۇنىڭ بىلەن بىللە ئۇ مۇئەييەن بىر ئادەم، خۇددى گېگېل بوۋاي ئېيتقاندەك مۇشۇ بىر شەخس»، — دېگەنىدى. ئېنگېلس قايتا - قايتا «يەككە شەخس» نى گەۋدىلەندۈرۈشنى «ئىندىۋىدۇئاللىق» نى ھەرگىزمۇ «پرىنسىپ ئىچىگە غەرق قىلىۋەتمەسلىك» نى تەكىتلىگەنىدى. لېنىن تېخىمۇ ئېنىق قىلىپ: «بەدىئىي ئەسەرلەردە پۈتۈن مەسىلە ئايرىم شارائىتتا، بەلگىلىك تىپىك خاراكتېر ۋە پسىخولوگىيىنى تەھلىل قىلىشتا»، — دېگەنىدى. روشەنكى، يازغۇچى قەلىمى ئاستىدىكى «مۇشۇ بىر شەخس» نىڭ ئوبرازى روشەن خاسلىق (ئىندىۋىدۇئاللىق) قا ئىگە بولۇشى لازىم.

تىپىك پېرسوناژنىڭ خاسلىقى (ئىندىۋىدۇئاللىقى) دېگەن نېمە؟ مۇئەييەن «مۇشۇ بىر شەخس» تە ئىپادىلەنگەن كونكرېت، ھېس قىلغىلى بولىدىغان باشقىلار بىلەن ئوخشاشمايدىغان ئىچكى

ۋە تاشقى خۇسۇسىيەتلىرىنىڭ يىغىندىسى بولۇپ، «مۇشۇ بىر شەخس» نىڭ ئالاھىدە تىلى، ھەرىكىتى، پسىخىكىسى، مىجەز - خۇلقى، ھەۋەس - ئىشتىياقى، تۇرمۇش ئادىتى، سىرتقى كۆرۈنۈشى قاتارلىق خۇسۇسىيەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

تىپىك پېرسوناژنىڭ خاسلىقىغا (ئىندىۋىدۇئاللىقىغا) قويۇلىدىغان تەلەپ نېمە؟

1 - خاسلىق (ئىندىۋىدۇئاللىق) ئەسەر ئىچىدىكى «مۇشۇ بىر شەخس» ئۈچۈن ئېيتقاندا، ئالاھىدە، ئۆزگىچە بولۇشى، تەكرارلانماسلىقى كېرەك. تىپىك پېرسوناژ تۇرمۇشتىن كېلىدۇ. بىر تۈپ گۈل يوپۇرمىقى ئىچىدە تامامەن ئوخشاش ئىككى تال يوپۇرماق بولمىغىنىغا ئوخشاش ئەمەلىي تۇرمۇشتا خاراكتېرى تامامەن ئوخشاش بولمىغان ئىككى ئادەمنى تاپقىلى بولمايدۇ. چۈنكى، ئادەمنىڭ خاراكتېرى كونكرېت رېئال تۇرمۇش شارائىتى ئىچىدە شەكىللىنىدۇ. ھەر بىر ئادەمنىڭ باشقىلار بىلەن ئوخشاشمايدىغان ئالاھىدە تۇرمۇش شارائىتى، ئالاھىدە تۇرمۇش سەرگۈزەشتىسى بولىدۇ. بىر ئائىلىدىكى ئاكا - ئۇكا، ئاچا - سىڭىللارنى ئالغاندىمۇ، گەرچە ئۇلارنىڭ ئائىلە شارائىتى ئوخشاش بولسىمۇ، لېكىن ئەمەلىي تۇرمۇش جەريانىدا تاسادىپىي ئامىللارنىڭ تەسىرى بىلەن ئۇلارنىڭ خاراكتېرى، تەقدىرى ئوخشاش بولمايدۇ. ئىجتىمائىي تۇرمۇش ئەنە شۇنداق مۇرەككەپ بولغىنى ئۈچۈن يازغۇچى ئوخشاش بولمىغان مىللەت، ئوخشاش بولمىغان دەۋر، ئوخشاش بولمىغان سىنىپ ۋە گۇرۇھ ئىچىدىكى ئوخشاش بولمى-

غان خاراكتېرنى گەۋدىلەندۈرۈپ بېرىشكە ماھىر بولۇپلا قالماي، بىر مىللەت، بىر دەۋر، بىر سىنىپ، ھەتتا بىر ئائىلە ئىچىدىكى ئوخشاش بولمىغان جانلىق خاراكتېرلەرنى گەۋدىلەندۈرۈپ بېرىشكە ماھىر بولۇش لازىم. خۇددى يازغۇچى زوردۇن سابىر ئوتتۇرىغا قويغاندەك، دېھقان دەپ يازغان ئەسەر زادى دېھقانغا ئوخشىمىسا، ئۇنى مالچى، ئورمانچى، ياغاچچى، ئىشچى، سودىگەر قىلىپ ئۆزگەرتىپ قويسىڭىزمۇ ئەسەرگە زادىلا تەسىر يەتمىسە، ئەسەردە ئۆزگىچە خاراكتېرگە ئىگە پېرسوناژ ئوبرازى بولمىسا، مۇنداق ئەسەرلەر رېئال تۇرمۇش ئەمەلىيىتىگە ئۇيغۇن بولمايلا قالماي، كىتابخاندىمۇ ئىستېتىك زوق قوزغىيالمايدۇ. مەسىلەن، لۇشۈننىڭ «ئاQ نىڭ رەسمىي تەرجىمىھالى» دېگەن ئەسىرىدىكى ئاQ نىڭ خاراكتېرى ھەقىقەتەن ئالاھىدە، تەكرارلانمايدىغان خاراكتېر. ئۇنىڭ باشقىلارنىڭ بوزەك قىلىشىغا ئۇچرىغاندا، «ئاتىسى بالىسىنى ئۇرغانلىق» دەپ مەغلۇبىيەتنى غەلىبىگە ئايلاندۇرۇشى، پۇلنى ئۇتتۇرۇپ قويغاندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ كاچىتىغا كېلىشتۈرۈپ ئىككىنى ئۇرۇپ مەغلۇبىيەتنى يوشۇرۇشى، تۇيۇقسىزدىن خىزمەتچى ئايال ئۇ ماڭا «كەل بىللە ياتايلى» دەپ مۇھەببەت ئىزھار قىلىشى، ھەتتا ئۆلۈم ھۆكۈمىگە قول قويغاندا چەمبەر سىزىق سىزالماي «مېنىڭ نەۋرىلىرىم چەمبەرنى دۈپدۈگىلەك قىلىپ ياسايدىغان بولىدۇ...» دېيىشى... باشقىلار بىلەن تەكرارلانمايدىغان ئا Q چە ئالاھىدە خاراكتېردۇر. ئاQ نىڭ تىلى، ھەرىكىتى، سەرگۈزەشتىسى تامامەن ئالاھىدە، ھەتتا ئۇنىڭ قىياپىتى، كىيىممۇ ئالاھىدە بولۇپ، ھەرقانداق ئادەم

بىلەن ئوخشاشمايدۇ، ئىختىيارىي ئۆزگەرتكىلىمۇ بولمايدۇ. 1934 - يىلى ئەينى ۋاقىتتا شاڭخەيدە چىقىدىغان «دراما ھەپتىلىك ژۇرنىلى» تەرىپىدىن ئاQ نىڭ رەسىمى سىزىلىپ، بېشىغا تېرە تۇماق كىيگۈزۈپ قويۇلغانىدى. لۇشۈن بۇنى كۆرگەندىن كېيىن بۇ ژۇرنالغا مەخسۇس خەت يېزىپ: «ئەگەر ئۇنىڭ بې- شىغا تېرە تۇماق كىيگۈزۈلۈپ قويۇلسا، ئاQ بولماي قالىدۇ. ئېسىمدە قېلىشىچە، مەن ئۇنىڭغا كىگىز تۇماق كىيگۈزۈپ قوي- غانىدىم. بۇ بىر خىل قارا، يېرىم دۈگىلەك شەكىلدىكى نەر- سە ئىدى. ئۇنىڭ گىرۋىكى بىر سۇڭدىن ئارتۇقراق، ئۈستىگە قايرىلىپ كېلەتتى»، — دېگەنىدى. ئاQ لۇشۈننىڭ قەلبىدە ئالاھىدە مۇقىملاشقان خاراكتېر بولۇپ، ھەتتا باش كىيىمىنى- مۇ خالىغانچە ئۆزگەرتكىلى بولمايدىغان قىلىپ تەسۋىرلىگەن.

2 - تىپىك پېرسوناژنىڭ خاراكتېرى باي ۋە رەڭدار بولۇشى لازىم. ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ ئۆزى باي ۋە مۇ- رەككەپ، ئىجتىمائىي تۇرمۇشتىكى ھەر خىل مۇرەككەپ ئامىل- لار كىشىنىڭ خاراكتېرىدە ئۆزىنىڭ ئىز تامغىسىنى قالدۇرىدۇ، شەخسنىڭ خاراكتېرىدە سىنىپىي تامغىلا ئەمەس، بەلكى مىل- لەت، تارىخ، دەۋر، جۇغراپىيىلىك مۇھىت، تەلىم - تەربىيە، كەسىپ، ئائىلە قاتارلىق ئامىللارنىڭ ئىز تامغىسى قالغان بولىدۇ. مەسىلەن، بىر نەمۇنىچى كادىرنىڭ خىزمەتتە نەمۇنى- چى بولغىنى بىلەن ئائىلىدە نەمۇنىچى ئەر بولۇشى ناتايىن. بىر ساختىپەز ئادەمنىڭ نەگىلا بارسا، ھەممە ئىشتا ساختىپەزلىك قىلىشى، تاسادىپىي ھالدا بىرەر ئىشتا راست

گەپ قىلىپ قويۇشىمۇ مۇمكىن. بىر سەھىمىسى، ئاق كۆڭۈل
ئادەمنىڭ مەلۇم شارائىتتا ئۆز قەلبىگە يات بىرەر ئىشنى
قىلمايدۇ، دېگىلى بولمايدۇ. قەھرىماننىڭ ئۆز ھاياتىدا بىرەر
تاسادىپىي ئەھۋالغا يولۇقۇپ قېلىشىمۇ ئەجەپلىنەرلىك ئىش
ئەمەس. ئەدەبىي ئەسەردىكى تىپىك پېرسوناژنىڭ خاراكتېرى
تۇرمۇشتىكى جانلىق ئادەملەر خاراكتېرىگە ئوخشاش باي
ۋە خىلمۇ خىل بولۇشى لازىم. يازغۇچى زۇنۇن قادىرى، مەت-
نىياز ئوبرازىنىڭ خاراكتېرىنى ھەر تەرەپلىمە، باي ۋە رەڭ-
دار قىلىپ سۈرەتلىگەن. مەتنىياز تۇرمۇشتا ئۆزىنى تاشلى-
ۋەتكەن ھورۇن ئادەم، لېكىن جۈرئەت قىلسىلا قولىدىن ئىش
كېلىدىغان خۇش چاقچاق ئادەم. ئۇ ھورۇنلۇقىدىن چوڭ ئۆس-
تەڭگە بېرىپ سۇ ئىچىۋېلىشقا ئېرىنىسىمۇ، لېكىن يەنە
ئىززەتخانغا پىنھان كۆيىدۇ، ھەتتا قىچا ئورۇشنى توختىتىپ،
ئىززەتخاننىڭ توپلىيىنى پەدەزدىن چىقىرىپ ھەمراجانىدىن
تەنقىد يەيدۇ...

3 - تىپىك پېرسوناژ ئوبرازى جەزمەن روشەن، گەۋدى-
لىك بولۇشى لازىم. پېرسوناژ ئوبرازى باي ۋە رەڭدار بولۇ-
شى كېرەك دېگەنلىك، مۇئەييەن شەخسنىڭ خاراكتېرىدە
ئىپادىلەنگەن خۇسۇسىيەتلەرنى ئوخشاش دەرىجىدە پېرسوناژ
ئۈستىگە جۇغلاش كېرەك دېگەنلىك ئەمەس. ئەمەلىيەتتە
ئادەمنىڭ باي ۋە مۇرەككەپ خاراكتېرى ئىچىدە يېتەكچى
ئورۇندا تۇرىدىغان ئاساسىي خاراكتېرى ياكى خاراكتېر ياد-
روسى بولىدۇ. يازغۇچى ئەلۋەتتە پېرسوناژنىڭ خاراكتېرىدىكى
ئاساسىي تەرىپىنى ياكى يادرولۇق خاراكتېرىنى نۇقتىلىق گەۋ-

دىلەندۇرۇشى لازىم. شۇنداق بولغاندا پېرسوناژ خاراكتېرى روشەن، تەسىرلىك چىقىدۇ. ئاQ نىڭ خاراكتېرى باي ۋە مۇرەككەپ، لېكىن روھىي غالىبىيەتچىلىك ئۇنىڭ خاراكتېرىدە يېتەكچى ئورۇندا تۇرىدۇ. ئۇنىڭ پاجىئەلىك تەقدىرىگە سەۋەبچى بولغانمۇ دەل ئاشۇ روھىي غالىبىيەتچىلىك. لۇشۈن ئاQ نىڭ خاراكتېرىدىكى روھىي غالىبىيەتچىلىكنى مەركەزلىك گەۋدىلەندۈرگەن. شۇڭا ئاQ دىن ئىبارەت مۇشۇ بىر شەخسنىڭ خاراكتېرى ئىنتايىن روشەن ۋە ئېنىق. ئەسەر ئىچىدىكى مۇئەييەن شەخسنىڭ خاراكتېرى ئالاھىدە، باي ۋە روشەن بولغاندا ئاندىن بىر پۈتۈن خاسلىققا (ئىندىۋىدۇئاللىققا) ئىگە بولغان بولىدۇ. ئالاھىدە، باي، روشەن ئۆزگىچە خاس خاراكتېرگە ئىگە بولۇش، تىپىك پېرسوناژنىڭ بىرىنچى مۇھىم خۇسۇسىيىتى، شۇڭا، تىپىك پېرسوناژ ئوبرازىنى «يۈكسەك دەرىجىدە ئومۇملاشتۇرۇلغان بەدىئىي ئوبراز» دەپ خۇلاسە قىلىش تولىمۇ ئاددىيلىق بولىدۇ.

تىپىك پېرسوناژ ئوبرازى مۇئەييەن ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ بەزى ماھىيەتلىك تەرەپلىرىنى ۋە ئۇنىڭ مۇقەررەر قانۇنىيەتلىرىنى ئەكس ئەتتۈرۈش لازىم. ئالاھىدە، باي، روشەن خاراكتېر ئارقىلىق ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ بەزى ماھىيەتلىك تەرەپلىرىنى، قانۇنىيىتىنى ئەكس ئەتتۈرۈش دېگەنلىك، ماھىيەتتە ئايرىملىق ئارقىلىق ئومۇمىيلىقنى ئىپادىلەش دېگەنلىك بولىدۇ. تىپىك پېرسوناژنىڭ ئومۇمىيلىقىنى (ئورتاقلىقىنى) قانداق چۈشىنىش كېرەك؟ نۇرغۇن كىتاب ۋە ماقالىلەردە تىپىك پېرسوناژنىڭ ئومۇمىيلىقىنى

«پېرسوناژ ۋەكىللىك قىلغان ئاشۇ خىلدىكى كىشىلەرنىڭ
ئالاھىدىلىكى»، «ئۆز ئالدىغا خاسلىققا ئىگە ئوبراز يەنىلا
بىر توپ ئادەملەرگە، بىر خىل خاھىشقا، بىر تۈرلۈك ئېقىمغا،
بىر پۈتۈن دەۋرگە ۋەكىللىك قىلىدۇ» دەپ چۈشەندۈرۈپ،
ئومۇمىيلىق ۋەكىللىك دەپ قارالدى. تىپىك پېرسوناژنىڭ ئو-
مۇمىيلىقىنى مۇنداق شەرھلەشنى خاتا دېگىلى بولمايدۇ.
چۈنكى، ئىجتىمائىي تۇرمۇشتىكى كونكرېت ئادەم مۇ-
ئەييەن سىنىپ ۋە گۇرۇھ ئىچىدە ياشايدۇ، مۇئەييەن سىنىپ
ۋە گۇرۇھنىڭ ئومۇمىيلىقىنى ئۆزىگە سىڭدۈرگەن، مۇئەييەن
خاھىشنى گەۋدىلەندۈرگەن بولىدۇ. ئەدەبىي ئەسەر ئىچىدىكى
پېرسوناژ ھەم روشەن خاسلىققا ئىگە كونكرېت «مۇشۇ بىر
شەخس»، ھەم مۇئەييەن سىنىپ ۋە گۇرۇھنىڭ، مۇئەييەن
خاھىشنىڭ ۋەكىلى. مۇنداق نەزەرىيە بىلەن ئەدەبىيات تارى-
خىدىكى قىسمەن تىپىك پېرسوناژلارنىڭ ئومۇمىيلىقىنى توغر
چۈشەندۈرگىلى بولىدۇ. مەسىلەن، يازغۇچى قەييۇم تۇردى-
نىڭ «كۈرەشچان يىللار» رومانىدا ئالماس، لەيلىگۈللەر
ئوبرازى ئارقىلىق ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئالدىنقىلار يېقىلسا، كېيىن-
كىلەر ئىز بېسىپ ئازادلىققا ئىنتىلگەن قەھرىمانلىق روھى
ئومۇملاشتۇرۇلغان.

لېكىن، تىپىك پېرسوناژنىڭ ئومۇمىيلىقىنى بىر توپ
ئادەملەرنىڭ ئورتاق خۇسۇسىيىتىنىڭ ۋەكىلى دېيىش بىلەن
ئا Q، دونكىخوت قاتارلىق مۇرەككەپ تىپىك پېرسوناژلارنىڭ
ئومۇمىيلىقىنى دەل، توغرا چۈشەندۈرۈپ بەرگىلى بولمايدۇ.
ئا Q نىڭ ئوبرازىنى ئالىدىغان بولساق، ئۇنىڭ ئاساسلىق

خاراكتېر ئالاھىدىلىكى روھىي غالىبىيەتچىلىك، ئەينى ۋاقىتتىكى مۇئەييەن تارىخىي شارائىتتا، روھىي غالىبىيەتچىلىك پادىشاھتىن تارتىپ، ياللانما دېھقانغىچە ھەممە قاتلامدا تېپىلاتتى، شۇڭا، «ئا Q نىڭ رەسمىي تەرجىمىھالى» دېگەن ئەسەر ژۇرنالدا ئارقا - ئارقىدىن ئېلان قىلىنغان چاغدا، جەمئىيەتتىكى ھەرخىل ئادەملەر «لۇشۈن بۇ ئەسەردە بىزنى يېزىپتۇ»، «بىزنى دۇمبالاپتۇ»،— دەپ گۇمانلىنىپ ئېغىر ۋەسۋەسىگە چۈشكەن. دېمەك، ئا Q نىڭ تىپىك خاراكتېرىدە گەۋدىلەنگەن روھىي غالىبىيەتچىلىك ۋە ئۇنىڭ ۋەكىللىك خاراكتېرى ياللانما دېھقاندىن ئاللىقانداق ئېشىپ كەتتى. دونكىخوت خاراكتېرىدە ئىپادىلەنگەن سۇبيېكتىۋىزملىقمۇ ئەنە شۇنداق. ئەينى ۋاقىتتىكى ئەمەلىي تۇرمۇشتىن ئالغاندا، ئا Q ۋە دونكىخوتتەك ئادەملەر ناھايىتى ئاز ساندا، بىرەر گۇرۇھ ۋە سىنىپنىڭ ۋەكىلى دېگىلى بولمايدۇ. بۇ يەردىكى مۇھىم مەسىلە، ئاشۇ بىر شەخسنىڭ خاراكتېرىدە ئىپادىلەنگەن روھىي ھالەت ۋە پېرسوناژ خاراكتېرىگە سىڭدۈرۈلگەن باي ۋە چوڭقۇر ئىجتىمائىي مەزمۇنىنىڭ ئومۇمىيلىقىدىن ئىبارەت. نۇرغۇن ئۇتۇقلۇق چىققان تىپىك پېرسوناژلار ئوبرازىنىڭ جەمئىيەتتىكى ئىجتىمائىي ئۈنۈمى شۇنى ئىسپاتلىدىكى، تىپىك پېرسوناژنىڭ ئومۇمىيلىقى پەقەت ئۇنىڭ سان جەھەتتىكى ۋەكىللىك خاراكتېرىگە ئەمەس، بەلكى شۇ تىپىك پېرسوناژنىڭ سۈپەت جەھەتتە مۇئەييەن ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ بەزى ماھىيىتىنى ۋە ئۇنىڭ مۇقەررەر قانۇنىيىتىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىشتىكى كەڭلىك ۋە چوڭقۇرلۇق دەرىجىسىگە قارىتىلغان.

ماركس «ئادەم — بارلىق ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەرنىڭ

يەھىندىسى» دېگەنىدى. ماركسنىڭ بۇ سۆزى تىپىك پېرسو-
ناژنى قانداق چۈشىنىشنىڭ نەزەرىيەۋى ئاساسى. ئېنگېلس
مۇشۇ ئىدىيىگە ئاساسەن تىپىك پېرسوناژ بىلەن تارىخنىڭ
تەرەققىيات ئېقىمىنى بىرلەشتۈرۈپ قاراپ، تىپىك پېرسوناژنىڭ
«مۇددىئاسىنى ئۇششاق - چۈششەك شەخسىي ھەۋەس ئەمەس، بەلكى
ئۇلارنى ئۈستىگە لەيلىتىپ چىققان تارىخىي ئېقىم كەلتۈرۈپ
چىقارغان»، - دېگەنىدى. (ئېنگېلسنىڭ لاسسالغا يازغان
خېتىدىن). لېنىن «لېۋ. تولستوي رۇس ئىنقىلابىنىڭ ئەينىكى»
دېگەن ماقالىسىدە تېخىمۇ ئېنىق قىلىپ، «ئەگەر بىزنىڭ ئال-
دىمىزدىكى ھەقىقەتەن بىر ئۇلۇغ ئەدىب بولىدىغان بولسا، ئۇ
ئۆزىنىڭ ئەسەرلىرىدە كەم دېگەندە ئىنقىلابنىڭ بەزى ماھىيەتلىك
تەرەپلىرىنى چوقۇم ئەكس ئەتتۈرۈشى لازىم»، — دېگەنىدى. رو-
ھىي غالىبىيەتچىلىكنى ئاساسىي خاراكتېر بەلگىسى قىلغان ئاQ
دىن ئىبارەت بۇ بىر مۇئەييەن شەخسنىڭ ئوبرازىنىڭ ئومۇ-
مىيلىقى شۇ يەردىكى، ئەينى ۋاقىتتا، ئۈچ چوڭ تاغنىڭ
زۇلمى ئاستىدا دېھقانلارنىڭ ئىنقىلابىي تەلىپى شۇنچە كۈچ-
لۈك بولسىمۇ، لېكىن روھىي غالىبىيەتچىلىك ئۇلارنىڭ پۇت -
قولىنى چۈشەپ قويىدى. ئۇلارنىڭ خاراكتېرىنى ئۆزگەرتمىگەن-
دە، شىنخەي ئىنقىلابىنىڭ ئالدى - كەينىدىكى جۇڭگو جەم-
ئىيىتىنى ئۆزگەرتىش مۇمكىن ئەمەس. شىنخەي ئىنقىلابىنىڭ
مەغلۇپ بولۇشىدىكى ئاساسىي سەۋەبمۇ خەلق ئاممىسىنى ئوي-
غاتمىغانلىقىدا. روھىي غالىبىيەتچىلىك ئەسلىدە يېرىم فېئودال-
لىق، يېرىم مۇستەملىكىلىك كونا جۇڭگودىكى ۋەيران بولغان
پومېشچىكلەرنىڭ روھىي ھالىتى ئىدى. ئەگەر لۇشۈن ئەپەن-

دى ئا Q نى پومېشچىك قىلىپ يازسا تېخىمۇ ئېنىق ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە بولماتتى؟ لېكىن، لۇشۈن ئا Q دەك ئىبارەت ياللانما دېھقاننى يېزىدىكى روھىي غالىبىيەتچىلىكنى جۇڭگو ئىنقىلابىنىڭ تۈپ مەسىلىسى بولغان دېھقانلار بىلەن باغلىدى. دېھقانلارنى ئويغىتىشتىن ئىبارەت زور ئىجتىمائىي مەسىلىنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئا Q خاراكتېرىنىڭ تىپىك ئەھمىيىتى ئەنە شۇ يەردە. دېمەك، ئەسەردىكى پېرسوناژ ئوبرازى ئالاھىدە باي، روشەن ئىندىۋىدۇئال خاراكتېرگە ئىگە بولسا، مانا مۇشۇنداق جانلىق خاراكتېر ئىچىدە مۇئەييەن تارىخىي باسقۇچتىكى ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ بەزى ماھىيەتلىك تەرەپلىرىنى ۋە ئۇنىڭ مۇقەررەر قانۇنىيىتىنى ئەكس ئەتتۈرگەن بولسىلا تىپىك ئوبراز بولىدۇ.

تىپىك پېرسوناژ ئوبرازىنىڭ خاسلىقى بىلەن ئومۇمىيلىقىنىڭ مۇناسىۋىتى قانداق؟ يولداش ماۋزېدۇڭ «ئورتاقلىق ھەممە خاسلىقلاردا مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. خاسلىق بولمىغان بولسا ئورتاقلىقمۇ بولمىغان بولاتتى»،— دېگەنىدى. ھەرقانداق شەيئى ئورتاقلىق بىلەن خاسلىقنىڭ بىرلىكى. ئادەتتىكى پېرسوناژلاردىمۇ مۇنداق خۇسۇسىيەت بولىدۇ، لېكىن، تىپىك پېرسوناژغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، خاسلىق بىلەن ئورتاقلىق قان بىلەن گۆشتەك بىر گەۋدىگە ئايلانغان بولۇپ، خاسلىق تېخىمۇ گەۋدىلىك ئورۇندا تۇرىدۇ. مۇئەييەن «مۇشۇ بىر شەخس» تە ئىپادىلەنگەن خاسلىق بىلەن ئورتاقلىقنى (ئومۇمىيلىقنى) ياغاچنى ھەرىدەپ ئىككى پارچە قىلغاندەك بىر - بىرىدىن ئايرىۋەتكىلى بولمايدۇ،

خاسلىقتىن ئايرىلغان ھالدا تىپىك پېرسوناژنىڭ ئومۇمىيلىقىنى چۈشەنگىلى بولمايدۇ. تىپىك پېرسوناژنىڭ خاسلىقى بىلەن ئومۇمىيلىقىنى بىر - بىرىگە قارىمۇ قارشى قىلىپ قويۇش ياكى ئايرىپ قاراش، تىپىك ئوبراز يارىتىشنىڭ قانۇنىيىتىگە ئۇيغۇن كەلمەيدۇ، ئەدەبىي ئىجادىيەتتە بولسا پېرسوناژنىڭ ئومۇمىيلىققا، ئىجتىمائىيلىققا ئەھمىيەت بېرىپ، پېرسوناژنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدە خاراكتېرىنى، تەقدىرىنى تەسۋىرلەشكە سەل قارايدىغان ناچار خاھىش پەيدا بولىدۇ. مۇشۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، يازغۇچى زوردۇن سابىرنىڭ «سۈبھى» پوۋېستىدىكى ئەسئەتنىڭ ئوبرازىنىڭ تىپىكلىك دەرىجىسىگە، بۇ ئوبرازدا گەۋدىلەنگەن ئىجتىمائىي مەزمۇنغا تېخىمۇ يۇقىرى تەلەپ قويۇش توغرا كەلسىمۇ، لېكىن يازغۇچىنىڭ ئەسئەتنىڭ ئالاھىدە خاراكتېرى ئۇنىڭ پەۋقۇلئاددە تەقدىرى ئارقىلىق زامانىمىزدىكى كىشىلەرنىڭ ماھىيىتىنى ئەكس ئەتتۈرۈش ئۇسۇلىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە ئەرزىيدۇ.

2

يازغۇچى ئىجادىيەت جەريانىدا بىر تەرەپتىن، «ئاشۇ بىر شەخس» نىڭ ئالاھىدە، باي، روشەن خاراكتېرگە ئىگە ئوبرازىنى يارىتىدۇ؛ يەنە بىر تەرەپتىن، «ئاشۇ بىر شەخس» نىڭ جانلىق ئوبرازى ئىچىدە مۇئەييەن تارىخىي باسقۇچتىكى ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ بەزى ماھىيىتى ۋە مۇقەررەر قانۇنىيىتىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ، يازغۇچى بۇ خىزمەتنى قانداق ئىشلەيدۇ؟ ئۇنىڭ بىردىنبىر يولى تىپىكلەشتۈرۈشتىن ئىبارەت، شۇڭا، تىپىكلەشتۈرۈش بەدىئىي ئىجادىيەتنىڭ تۈپ قانۇنىيىتى.

تىپىك پېرسوناژ ئوبرازىنىڭ ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن، تىپىك-
لەشتۈرۈش تەبىئىي ھالدا بىر - بىرىگە مۇناسىۋەتلىك بولغان
ئىككى تەرەپنى يەنى خاسلاشتۇرۇش (ئىندىۋىدۇئاللاشتۇرۇش)
بىلەن ئومۇملاشتۇرۇشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، جۈملىدىن، تىپىك-
لەشتۈرۈش لۇشۈننىڭ سۆزى بىلەن ئېيتقاندا، «مەخسۇس بىر
ئادەمنى يېزىش» ۋە خىلمۇ خىل ئادەملەرنى قۇراشتۇرۇپ
«بىر ئادەم قىلىپ چىقىش» ئۇسۇلى بىلەن ئەمەلگە ئاشىدۇ.

بۇ يەردە ئايدىڭلاشتۇرۇشقا تېگىشلىك مۇھىم قانۇنىيەت-
لىك مەسىلە شۇكى، يازغۇچى تىپىكلەشتۈرۈش خىزمىتىدە نې-
مىنى ئاساس قىلىدۇ؟ ئۇنىڭ تەپەككۇر نۇقتىسى نەدە؟ ماكسىم
گوركىي «مەن قانداق يازىمەن» دېگەن ماقالىسىدە مۇنداق
دېگەنىدى: «تىل سەنئىتى خاراكتېر ۋە تىپ يارىتىش سەن-
ئىتىدۇر. ھەربىر ئادەم ئۆز بىئولوگىيىلىك ۋە ئىجتىمائىي ھە-
رىكەت لوگىكىسىغا، ئۆز ئىرادىسىگە ئىگە، ئاپتور ئۇلارنى
ئەنە شۇ سۈپەتلىرى بىلەن ئۆز ماتېرىيالى سۈپىتىدە، ئەمما
‹چالا تەييار› ھالدا ھەقىقىي بارلىقتىن ئالىدۇ. كېيىن ئۆز
تەجرىبىسى ۋە بىلىمىنىڭ كۈچى بىلەن ئۇلارنى سىلىقلايدۇ.
ئۇلار ئېيتالمىغان سۆزلەرنى ئۇلار تىلىدىن ئېيتىپ تولدۇرىدۇ.
ئۇلار قىلالمىغان، ئەمما ئۆزلىرىنىڭ ‹تەبىئىي› ۋە ‹مېھنەت›
نەتىجىسىدە ئارتتۇرغان سۈپەتلىرى ئارقىسىدا قىلىشلىرى لا-
زىم بولغان ئىشنى ئاخىرىغا يەتكۈزىدۇ.» ئېلىمىزنىڭ ئاتاقلىق
يازغۇچىسى باجىنمۇ «ئېقىن» تىرىلوگىيىسىدىكى تىپىك پېرسو-
ناژلار توغرىسىدا توختىلىپ: «جۆشىن پەقەت كىتابتىكىلا ئا-
دەم ئەمەس، بەلكى ئۇ ھەقىقىي ئادەم، مېنىڭ ئاكام، مەن
ئاكامنى پىروتوتىپ قىلىپ، ئۇنىڭ خاراكتېرى، تەقدىرى، سۆز-

ھەرىكەتلىرىدىن پايدىلىنىپ جۆشىنىنى يازدىم»، ـ دېگەنىدى. مەسىلە ناھايىتى روشەنكى، تىپىكلەشتۈرۈشنىڭ مەركىزى ھالقىسى خاسلاشقان خاراكتېرنى تىپىكلەشتۈرۈشتىن ئىبارەت. يازغۇچى ئادەتتە مۇئەييەن «مۇشۇ بىر شەخس» نىڭ يەككە، ئالاھىدە خاراكتېر خۇسۇسىيەتلىرىنى ئىگىلەشتىن قول سېلىپ، پېرسوناژنىڭ ئۆزىگە خاس خاراكتېر لوگىكىسىنى ۋە بۇ جانلىق خاراكتېر ئۆز ئىچىگە ئالغان ئىجتىمائىي مەزمۇننى پۇختا ئىگىلەپ، ئىجادىيەت مۇددىئاسىنى بەلگىلەيدۇ. مۇئەييەن «مۇشۇ بىر شەخس» نىڭ خاراكتېر قانۇنىيىتى بويىچە پەرەز، تەسەۋۋۇر قاتارلىق بەدىئىي توقۇلما ۋاسىتىلىرى ئارقىلىق پېرسوناژنىڭ ئۆزىگە خاس خاراكتېرىنى تېخىمۇ جانلاندۇرۇپ يازغۇچى ئۆز پىكىرىنى تەلتۆكۈس، يېتەرلىك يوسۇندا ئىپادىلەپ بېرەلەيدىغان بولغۇچە كېڭەيتىپ راۋاجلاندۇرىدۇ.

ئەمەلىي تۇرمۇشنىڭ ئۆزىدە يازغۇچىغا ئالاھىدە، مۇكەممەل، روشەن خاسلىققا ئىگە پېرسوناژ خاراكتېرى ئۇچرىمايدۇ، كۆپ ھاللاردا يازغۇچىغا پېرسوناژنىڭ ئايرىم يەككە خاراكتېرى، ئايرىم سەرگۈزەشتىسى، سۆز ـ ھەرىكىتى تەسىر قىلىدۇ، يازغۇچى ئاشۇ ئايرىم خاراكتېر، پارچە ـ پۇرات سۆز ـ ھەرىكەتلەر ئىچىدىن پېرسوناژنى ھەرخىل تەقدىرگە مۇپتىلا قىلىۋاتقان ئاساسىي خاراكتېر خۇسۇسىيىتىنى (خاراكتېر يادروسىنى) ئىگىلەيدۇ. تەسەۋۋۇر پەرەز قاتارلىق بەدىئىي قوشۇلما ۋاسىتىلىرىنى ئەركىن قوللىنىپ، ئېنگېلس ئېيتقاندەك: «پېرسوناژنىڭ نېمە قىلىۋاتقانلىقىنىلا ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ قانداق قىلىدىغانلىقىنىمۇ ئىپادىلەيدۇ.» يازغۇچى ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر «ئىز» رومانىدا تەسۋىرلىگەن تۆمۈر خەلپە باشچىلىقىدىكى دېھقانلار

قوزغىلىڭغا ئۆزى بىۋاسىتە قاتناشمىغان. ئۇنداقتا، نېمە ئۈچۈن تۆمۈر خەلپىنىڭ تىپىك ئوبرازى جانلىق، تەسىرلىك چىقتى؟ يازغۇچى، تۆمۈر خەلپە باشچىلىقىدىكى دېھقانلار قوزغىلىڭغا دائىر نۇرغۇن تارىخىي ماتېرىياللارنى تەتقىق قىلىشتىن باشقا، تۆمۈر خەلپىدىن ئىبارەت «مۇشۇ بىر شەخس» نىڭ ئەينى تارىخىي شارائىتتا شەكىللەنگەن ئالاھىدە خاراكتېرىنى پۇختا ئىگىلەپ، تۆمۈر خەلپىنىڭ بىر پۈتۈن تەقدىرىنى تۆمۈر خەلپىنىڭ ئۆزىگە خاس خاراكتېر مەنتىقىسى بويىچە تەرەققىي قىلدۇردى.

دېمەك، يازغۇچىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، تۇرمۇش ۋەقەلىكىنى ئىگىلەش مۇھىم، لېكىن تۇرمۇشتىكى مۇئەييەن «مۇشۇ بىر شەخس» نىڭ خاراكتېر ئالاھىدىلىكىنى ئىگىلەش تېخىمۇ مۇھىم، بۇ خاسلاشقان خاراكتېرنى تىپىكلەشتۈرۈشنىڭ ئاساسى.

دەرۋەقە، يازغۇچى ئەسەردە خاراكتېر يارىتىش ئۈچۈنلا خاراكتېر ياراتمايدۇ، بەلكى خاسلاشقان خاراكتېر ئارقىلىق تۇرمۇشنىڭ ماھىيىتى ۋە قانۇنىيىتىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ، چۈنكى خاراكتېر قانچە ئالاھىدە، تەكرارلانمايدىغان بولغان بىلەن ئۇ بەرىبىر مۇئەييەن تارىخىي باسقۇچتىكى ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەرنىڭ مەھسۇلى، شۇڭا يازغۇچى مۇئەييەن شەخستىن ئىبارەت بۇ ئالاھىدە خاراكتېرنى تارىخىي ۋە ئىجتىمائىي شارائىت بىلەن باغلاپ تۈزىتىپ، بۇ خاسلاشقان خاراكتېر ئۆز ئىچىگە ئالغان ئىجتىمائىي مەزمۇننى، ئۇنىڭ ئومۇمىيلىق خاراكتېرىنى چوڭقۇر ئېچىپ بېرىش لازىم. شۇنداق قىلغاندا خۇددى ئېنگېلس ئېيتقاندەك: «ناچار خاسلاشتۇرۇش» تىن ساق-

لىنىپ، خاس خاراكتېرنى تىپىكلەشتۈرۈش ئارقىلىق ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ بەزى ھالىتى ۋە قانۇنىيىتىنى ئەكس ئەتتۈرۈش مەقسىتىگە يەتكىلى بولىدۇ. مەسىلەن، لۇشۈننىڭ «كۇڭ يىجى» ھېكايىسىدىكى كۇڭ يىجى ئوبرازىنى ئالساق، بۇ ئوبرازنىڭ ئەسلى ئەۋرىشكىسى (پروتوتىپى) مېڭ فامىلىلىك ئادەم ئىدى، كىشىلەر ئۇنى مېڭ فۇزى دەپ ئاتايتتى. ئۇ مەكتەپتە ئوقۇغان، لېكىن ئىمتىھاندىن ئۆتەلمەي، ئەمەلدار بولالمىغان، ئۇنىڭ ھۆسن خەت يېزىشتىن باشقا ئىشقا قولى كەلمەيدۇ، كەمبەغەللىككە قارىماي، ھاراق ئىچىشكە ئامراق، پۇل قالمىغان چاغدا كىتاب ئوغرىلايدۇ، تۇتۇلۇپ قالغاندا «كىتابنى كۆرسەتمەي ئېلىش ئوغرىلىققا ياتمايدۇ»، — دەپ تۇرۇۋالىدۇ. كېيىن ئوغرىلىق قىلىپ، پۇتلىرى چېقىلىپ ئۈنسىز يوقايدۇ.

لۇشۈن، كۇڭ يىجىنىڭ ئوقۇپ بىر چىرايلىق ھۆسن خەت يېزىشنى ئۆگەنگەن بولسىمۇ، لېكىن خەت يېزىشتىن باشقا ھېچقانداق ئىشنى قىلالمايدىغان ئالاھىدە خاراكتېرىنى تەنقىد قىلىپ، ئۇنىڭ ئىچىنىشلىق تەقدىرىنى فېئوداللىق تۈزۈم بىلەن باغلىدى. ئەسلىدە كۇڭ يىجىگە ئەۋرىشكە قىلىنغان مېڭ فۇزى كەمبەغەلچىلىكتە ئۆتكەن بولسىمۇ، باشقىلار تەرىپىدىن تاياق يېمىگەن، لېكىن، ئەسەردە كۇڭ يىجىنى ئەمەلدار دىڭ جۈرېن ئۇرۇپ پۇتىنى چېقىۋەتكەن قىلىپ، كۇڭ يىجىنى سىنىپىي مۇناسىۋەتلەر ئىچىگە قويۇپ، كۇڭ يىجىنىڭ ئالاھىدە خاراكتېرى ۋە بۇ خاراكتېر كەلتۈرۈپ چىقارغان كۇڭ يىجىنىڭ ئىچىنىشلىق تەقدىرى ئارقىلىق فېئوداللىق

تۈزۈمنى قاتتىق پاش قىلدى، بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، پېرسوناژنىڭ كونكرېت، ئالاھىدە خاراكتېر خۇسۇسىيەتلىرىنى ئىگىلەشتىن باشلاپ، ئۇنى ئۆزى تونۇش بولغان باشقا پېرسوناژلارنىڭ خۇسۇسىيەتلىرى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، ئومۇملاشتۇرۇپ تىپىك پېرسوناژ ئوبرازىنى يارىتىش، جۈملىدىن ئەنە شۇنداق ئالاھىدە، باي، روشەن خاراكتېرگە ئىگە ئوبراز ئارقىلىق ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ ماھىيىتى ۋە قانۇنىيىتىنى ئەكس ئەتتۈرۈش پېرسوناژ ئوبرازىنى تىپىكلەشتۈرۈشنىڭ مېغىزى بولۇپلا قالماي، يازغۇچىنىڭ بەدىئىي ماھارىتىنىڭمۇ مۇھىم بەلگىسى.

تىپىك پېرسوناژنىڭ ئۆزىگە خاس خاراكتېرىنى تىپىكلەشتۈرۈش مەسىلىسىدە شۇنى ئالاھىدە تەكىتلەش كېرەككى، پېرسوناژنىڭ ئالاھىدە خاراكتېرىنى تىپىكلەشتۈرۈش باشتىن-ئاخىر «مۇشۇ بىر شەخس» تىن ئىبارەت مۇئەييەن پېرسوناژنىڭ كونكرېت، باي ۋە مۇرەككەپ تۇرمۇش پائالىيىتىدىن ئايرىلمايدۇ. پېرسوناژنىڭ ئىندىۋىدۇئال خاراكتېرى بىلەن ئۇنىڭ ئومۇمىيلىقىنى گەۋدىلەندۈرۈش بىر ۋاقىتتا ئېلىپ بېرىلىدۇ، بۇ يەردىكى ھالقىلىق مەسىلە، قەھرىماننى ئۆزىنىڭ خاراكتېر مەنتىقىسى بويىچە يېزىشتىن ئىبارەت. ئەسەر ئىچىدىكى تىپىك پېرسوناژ گەرچە يازغۇچىنىڭ مۇئەييەن مۇددىئاسى ئۈچۈن خىزمەت قىلىسىمۇ، لېكىن ئەسەردىن ئىبارەت تۇرمۇش سەھنىسىدە ئۇ ھامان مۇستەقىل ئادەم. ئۇ ئۆز خاراكتېرى ۋە ئىرادىسى بويىچە ئىش قىلىدۇ، ئايرىم ھاللاردا يازغۇچىنىڭ شەخسى ئىرادىسىگىمۇ بويسۇنمايدۇ. ئەگەر ياز-

غوچى تىپىك پېرسوناژ خاراكتېرىنى پۇختا ئىگىلىسە، پېرسوناژ مۇئەييەن شارائىتتا، ئۆزىنىڭ پەۋقۇلئاددە خاراكتېرى بويىچە ئىش قىلسا، بۇنداق ئوبراز تېخىمۇ ئىشەنچلىك ۋە تەسىرلىك چىقىدۇ. يازغۇچىنىڭ قەلبىدىلا ئەمەس، بەلكى كىتابخان قەلبىدىمۇ چوڭقۇر تەسىر قالدۇرىدۇ. يازغۇچى زوردۇن سابىرنىڭ «قوشنىلار» ھېكايىسىدىكى سالى ۋە جامىلارنىڭ ئوبرازى ئەنە شۇنداق يارىتىلغان.

## 3

تىپىك پېرسوناژلار ئوبرازىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك يارىتىلىشى يازغۇچىنىڭ ئىلغار دۇنيا قارىشى، دەۋرنىڭ يازغۇچىغا يارىتىپ بەرگەن ئىمكانىيىتى، يازغۇچىنىڭ بەدىئىي تالانتى قاتارلىق مۇرەككەپ ئامىللارغا باغلىق، لېكىن، ئۇلارنىڭ ئىچىدە ھەل قىلغۇچ ئامىل يەنىلا تۇرمۇش، يازغۇچىنىڭ تىپىك ئوبراز يارىتىشقا تۈرتكە بولىدىغان مەنىۋى كۈچ، سۇبيېكتىپ ئارزۇمۇ ياكى نەزەرىيىۋى ئۇقۇممۇ؟ ياق. يازغۇچىنىڭ ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىشىغا ھەيدەكچى بولىدىغان نەرسە يەنىلا ئادەمنىڭ جانلىق خاراكتېرى ۋە شۇ خاراكتېردىن پەيدا بولغان تەسىرلىك ۋەقە. يازغۇچى ئادەتتە يەككە، كونكرېت، ئالاھىدە خۇسۇسىيەتكە ئىگە ئادەم ۋە ئىش- ھەرىكىتىنىڭ ماھىيىتىنى ئىگىلەشتىن باشلاپ تىپىك ئوبراز يارىتىش جەريانىغا ئۆتىدۇ، شۇڭا، تۇرمۇشتىكى ئادەملەرنى بىر - بىرلەپ كۆزىتىش، بولۇپمۇ ئەسلى پروتوتىپىنى (ئەۋرىشكىنى) قايتا - قايتا

ئۆگىنىش، ئۇنىڭ ئۆزگىچە خاراكتېرىنى ئىگىلەش ئىنتايىن مۇھىم. بۇ تىپىك پېرسوناژ ئوبرازىنى يارىتىشنىڭ ئالدىنقى شەرتى. لېۋ. تولستوي ئېنىق قىلىپ «مەن كۆپ چاغلاردا ھەقىقىي ئىش، ھەقىقىي ئادەملەرنى يازىمەن، مەن ئاساس قىلغان ئادەملىرىمنى تېخىمۇ ئېنىق تەسەۋۋۇر قىلىش ئۈچۈن دەسلەپكى قول يازمىلىرىمدا ئۇلارنىڭ ئىسىم فامىلىلىرىنىمۇ ئەينەن يازىمەن، سۆزلىمەكچى بولغان ھېكايىلىرىم تۈگىگەندىن كېيىن ئاندىن ئىسىم فامىلىسىنى ئۆزگەرتىمەن»، — دېگەنىدى. «ئۇرۇش ۋە تىنچلىق» رومانىدىكى ناتاشا ئوبرازى «ئاننا — كارېنىنا» دىكى لېۋىن ئوبرازى ھەقىقىي ئادەم ئاساسىدا يېزىلغان. لۇشۈن «مېنىڭ ئەسىرىمدىكى پېرسوناژلار ئومۇمەن قۇراشتۇرۇلغان»، — دېگەن بولسىمۇ، لېكىن ئىجادىيەت جەريانىدا ئەسلى پروتوتىپىنى (ئەۋرىشكىنى) بايقاش ۋە تاللاشنى قولدىن بەرمىگەن. ئۇنىڭ «سەۋدايى خاتىرىسى» ناملىق ھېكايىسىدىكى سەۋدايىنىڭ ئەسلى پروتوتىپى نېرۋا كېسىلىگە گىرىپتار بولۇپ قالغان بىر نەۋرە ئىنىسى. «يۇرتۇم» ھېكايىسىدىكى رۇڭتۇنىڭ ئەسلى پروتوتىپى لۇشۈننىڭ بالىلىق دەۋرىدىكى دوستى جاڭ رۇڭشۇ. لۇشۈننىڭ كۆپ ساندىكى ھېكايىلىرىنىڭ ئەسلى پروتوتىپى بولغان. يازغۇچى زۇنۇن قادىرىمۇ مەتنىياز ئوبرازىنى ياراتقاندا، خوتەندىن ئىلىغا چىقىپ ئولتۇراقلىشىپ قالغان ساتىراش قوشنىسىنى پروتوتىپ قىلغان. ھېكايە پۈتكەندىن كېيىن بۇ ئاغىنىسىگە ئوقۇپ بەرگەندە «مېنى بەك ئوخشىتىۋېتىپسەن»، — دەپ رەنجىگەن.

دېمەك، يازغۇچى ئەمەلىي تۇرمۇشتىن ئۆزى بىۋاسىتە تەسىرلەنگەن پروتوتىپىنىڭ ئالاھىدە خاراكتېرىنى شۇ خاراكتېر بىلەن ئوخشاش بولغان باشقا ئادەملەرنىڭ خاراكتېرىنى پۇختا ئىگىلەپ باي تۇرمۇش ماتېرىياللىرىغا ئىگە بولغاندىلا، يازغۇچى ئۆزىنىڭ سۇبيېكتىپ تىرىشچانلىقىنى جارى قىلىپ، پېرسوناژ خاراكتېرىغا نىسبەتەن ناچىرىنى ئېلىپ تاشلاپ، ياخشىسىنى ئېلىۋېلىش، ساختىسىنى ئېلىپ تاشلاپ، چىنىنى ساقلاپ قېلىش، ئۇنىڭدىن - بۇنىڭغا ئۆتۈش، تاشقىرىدىن ئىچىگە ئۆتۈشتەك يېڭىباشتىن ئىشلەپ چىقىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولالايدۇ. شۇنداق قىلغاندا تېخىمۇ يۈكسەك، تېخىمۇ يارقىن، تېخىمۇ يىغىنچاق، تېخىمۇ غايىۋىي تىپىك ئوبرازلارنى ياراتقىلى بولىدۇ. تۆۋەنگە چۈشمەي، رېئال تۇرمۇشنى كۆرمەي تۇرۇپ، تىپىك پېرسوناژ ئوبرازى يارىتىش مۇمكىن ئەمەس، شۇڭا، يازغۇچىلار يولداش ماۋزېدۇڭ ئوتتۇرىغا قويغاندەك «بىردىنبىر ئەڭ كەڭ، ئەڭ باي مەنبەگە بېرىپ بارلىق كىشىلەرنى، بارلىق سىنىپلارنى، بارلىق ئاممىنى، بارلىق جانلىق تۇرمۇش ۋە كۈرەش شەكىللىرىنى، بارلىق ئەدەبىيات - سەنئەت خام ماتېرىياللىرىنى كۆزىتىش، ئۆگىنىش، تەتقىق قىلىش ۋە تەھلىل قىلىش لازىم.»

بۇ تىپىك پېرسوناژ ئوبرازى يارىتىشنىڭ داغدام يولى.

**形象·风格·性格**（维吾尔文）

买买提·祖依著　责任编辑：安瓦尔·达吾提
责任校对：伊布拉音

---

新疆青少年出版社出版（乌鲁木齐市建设路九号）
新疆新华书店发行
新疆乌鲁木齐市晚报印刷厂印刷
787×1092毫米　4/32开本　4印张
1986年4月第1版　1986年9月第1次印刷
印数：1—3,150

---

统一书号：M3124·32　定价：0.37元

مۇقاۋىنى شادىيە ھاشىم ئىشلىگەن

كىتاب نومۇرى: M3124·32

باھاسى: 0·37 يۈەن